# قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى



**13**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللىرى كومىتېتى

# مۇندەرىجە


1. قارامايى شەھىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەريانى ......
...... لى شيەنكۈن (1)

2. قارامايىنىڭ ئۆتكەن زامانلاردىن بۇيانقى تەۋەلىك تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە تەتقىقات ...... ۋاڭ ليەنفاڭ (15)

3. قاراماي شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئاپپاراتىنىڭ تارىخى جەريانى ۋە تەرەققىياتى ...... لى شيەنكۈن (23)

4. شىنجاڭنىڭ نېفىت تارىخ ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى (6-)
...... دەي لياڭزو (32)

5. «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئەسلىگەندە ...... ئابدۇخالىق داۋۇت (37)

6. 40-يىللاردىكى جۇڭگو-سوۋېت مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ ئېچىش سۆھبىتىگە دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما ......
...... ۋاڭ ليەنفاڭ (57)

7. شىنجاڭ نېفىت تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ بۆشۈكى — قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى ...... تۇنىياز ئىمىرنىياز (103)

8. ئامانلىق قوغداش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ......
ئېيتىپ بەرگۈچى: تاش سابىت. رەتلىگۈچى: ئىمىنجان سادىق (172)

# قاراماي شەھىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەريانى

لى شيەنكۇن

قاراماي 1955-يىلى چارلاپ بايقالغان ئېلىمىزدىكى تۇنجى چوڭ نېفىتلىك بولۇپ، 1956-يىلى زور كۆلەملىك چارلاش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، قاراماينىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان نېفىت سانائەت شەھىرى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدەك ئىپتىدائىي شەكلىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇ يەردە قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى تەسىس قىلدى. شۇنداقلا، قاراماي ئەتراپىدىكى شەھەر-بازارلار ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن يىراقتا بولۇپ، ئاھالىسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقاچقا، قاراماي كان رايونىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئارقا سەپ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇش جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى، 1957-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ 14-سانلىق يىغىنىدا قاراماينى بىۋاسىتە قاراشلىق (ناھىيە دەرىجىلىك) شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. 1957-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى، گوۋۇيۈەن قاراماي

كومىتېتى (ناھىيە دەرىجىلىك رايونلار بويىچە سەپلىنىدۇ) قۇرۇلدى؛ 1959-يىلى 1-ئايدا ئۇرقۇ كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن شۆگەي يېڭىئۇر خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1959-يىلى 6-ئايدا ئۇرقۇ قىزىلنۇر خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. قاراماي شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى پارتكومى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى.

1961-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 16-كۈنگىچە، قاراماي شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، قاراماي شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، شەھەر باشلىقلىقىنى يەنىلا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭدىن باشقا تۆت نەپەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى، مالىيە ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، ئاشلىق ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ج خ ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، تاشقى سودا ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. 1963-يىلى 3-ئايدا قاراماي شەھەر رايونىدا غالىبىيەت يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن دوستلۇق يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

1962-يىلى 3-ئايدا، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئورگىنى ئۈرۈمچىدىن قارامايغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى

شەھىرىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى،
1957-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى، جى جىنياۋ مۇدىر، ئابلەت مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىكى قاراماي شەھىرىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى شەھەر قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىدى.
1958-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەنگە «قاراماي شەھىرى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» سۇندى، 1958-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ 77-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا «قاراماي شەھىرى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى، قاراماي، مايتاغ، ئورقۇ، ئاقبۇلاق، قىزىلتاغ، تاغ ئالدى توسمىسى، جەرەنبۇلاق، داگۇەي، جۇڭگۇەي ۋە شۆگەي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار قاراماي شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى قىلىپ بېكىتىلدى.
1958-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە قاراماي شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، قاراماي شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلدى. شەھەر باشلىقلىقىنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى، بۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس 2 نەپەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى تەيىنلەندى. شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى، مالىيە-ئىقتىساد بۆلۈمى، باج ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، ھەربىي خىزمەت بۆلۈمى قاتارلىق كەسپىي ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىپ، شەھەر قارمىقىدىكى كەسپىي خىزمەتلەر بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىندى. 1958-يىلى 6-ئايدا مايتاغ رايونلۇق خەلق

شەھەرلىك 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، سايلام ئارقىلىق قاراماي شەھەرلىك 4-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، شەھەر باشلىقلىقىنى يەنىلا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى، بۇنىڭدىن باشقا بەش نەپەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئورگىنى يەنىمۇ كۈچىيىپ، مۇكەممەللەشتى، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى، كادىرلار بۆلۈمى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مالىيە-پىلان بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈمى، مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، شەھەر قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سانائەت-سودا بۆلۈمى، ماددىي ئەشيالار كومىتېتى، باج ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانىنىڭ كەسپىي ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. شەھەرلىك خەلق كومىتېتىدا پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك ئورگان پارتكومى، ئورگان ئىتتىپاق كومىتېتى تەسىس قىلىندى. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن نېفىت ئىدارىسى قوغداش باشقارمىسى بىرلىشىپ خىزمەت ئىشلىدى، پارتكومدىن باشقا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتلىرىدىمۇ نېفىت ئىدارە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى بىر يۈرۈش بەنزە بولۇپ، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلدى، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا 1967-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇنلارغا ھەربىي ئىدارە

قارامااي كان ئىشلار ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قارامااي شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. قارامااي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارە پارتكومى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى.

1963-يىلى 8-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە قارامااي شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، سايلام ئارقىلىق قارامااي شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، شەھەر باشلىقلىقىنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى، بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، باج ئىدارىسى، سودا شىركىتى، سانائەت-قاتناش، سودا بۆلۈمى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، ئاشلىق ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، مالىيە-ئىقتىساد پىلان كومىتېتى، ستاتىستىكا بۆلۈمى، شەھەرلىك مال باھا باشقۇرۇش كومىتېتى، شتات كومىتېتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. 1964-يىلى 6-ئايدا قارامااي شەھەر رايونلۇق غالىبىيەت يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن دوستلۇق يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى بىرلەشتۈرۈلۈپ شەھەر رايونلۇق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى؛ 1965-يىلى 4-ئايدا جەرەنبۇلاق رايونىدا جەرەنبۇلاق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

1965-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە قارامااي

ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شەھەر مەمۇرىيىتى كۆندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھەر ئورگان پارتكومى قۇرۇلۇپ، ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، ئەمگەك ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، سانائەت قاتناش ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، مەمۇرىي بۆلۈم، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى، ئورگان پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات-كادىرلار بۆلۈمى، قوغداش بۆلۈمى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

1975-يىلى 7-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شەھەر مەمۇرىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شەھەر مەمۇرىيىتى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى قىلىنىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى كۆندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىندى. شەھەرلىك ئورگان پارتكومى مەمۇرىي ئىشخانا پارتكومىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976-يىلى 10-ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندا، قاراماي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا مايتاغ رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى، شۆگەي يېڭىنۇر خەلق گۇڭشېسى، ئورقۇ قىزىلنۇر خەلق گۇڭشېسى، ئورقۇ كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى، جەرەنبۇلاق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئىبارەت بەش تەشكىلات بارلىققا كەلدى.

1980-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى، قاراماي شەھىرىدىكى

قىلىشنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ نېفىت ئىدارە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىدا شەھەر مەمۇرىيىتى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭدەك شەھەر مەمۇرىيەت سىستېمىسىدا تۇرۇشقا ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى.

1969-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ نېفىت ئىدارە، قاراماي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خىزمەت ئورگىنى ئىش بېجىرىش، سىياسىي خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ گۇرۇپپىنى تەسىس قىلدى، قاراماي شەھىرى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مەمۇرىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى شەھەر مەمۇرىيىتى گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلىپ، شەھەر قارمىقىدىكى ئالاقىدار كەسپىي خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، كېيىنچە ئىنقىلابىي كومىتېت شەھەر مەمۇرىيىتى گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1973-يىلى 11-ئايدا، شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت شەھەر مەمۇرىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ،

شتاتىنى كۆپەيتمەسلىك پرىنسىپى ئاستىدا، قارمىقىدا رايون تەسىس قىلىنمىغان ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ ئۆستۈرۈشنى، قارمىقىدا قاراماي، مايتاغ، جەرەنبۇلاق، ئورقۇدىن ئىبارەت 4 ناھىيە دەرىجىلىك رايون تەسىس قىلىش، شەھەر ۋە رايونلارنىڭ مەمۇرىي شتاتىنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى چۈشۈرگەن تىزگىنلەش سانى بويىچە تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ماقۇللاندى.

1982-يىلى 6-7-ئايلاردا ھەر قايسى رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1983-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنىنى تېزدىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش، يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى بۇ بىر قىسىم خىزمەتلەر تاماملانغاندىن كېيىن ئاندىن شەھەرلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ سايلىسا بولىدۇ» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، قاراماي شەھەرلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ئېچىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 17 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن، يوللانغان قاراماي شەھەرلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ خادىملار نامزاتى ئىسىملىكىنى ئاپتونوم رايون تەستىقلىمىغانلىقى ئۈچۈن، 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىنى ئېچىشقا بولمىدى، قاراماي

ئالاقىدار يولداشلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سايلام خىزمىتىنى دوكلات قىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار كۆرسەتمە بېرىپ: قاراماي شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ ئۆستۈرۈپ، قارمىقىدا رايون تەسىس قىلسا بولىدۇ-دېدى. 1980-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى قاراماي شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇنۇپ، قارامايىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ ئۆستۈرۈش، قارمىقىدا قاراماي، مايتاغ، جەرەنبۇلاق، ئورقۇدىن ئىبارەت 4 ناھىيە دەرىجىلىك رايون تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1980-يىلى 6-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى» تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلىدى، لېكىن قاراماي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى يەنىلا ئۆزگەرمەي، يەنىلا قاراماي شەھىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزدى، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى نېفىت ئىدارە رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1982-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ش ھ [1982] 34-نومۇرلۇق «قاراماي شەھىرىنىڭ رايون تەسىس قىلىنىدىغان شەھەر بولغانلىقىنى تەستىقلىغانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» دا قاراماي شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، خادىملار

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى؛ مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، تەمىنات سودا كوپىراتىپى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى، سودا-سانائەت ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، تاشيول ترانسپورت ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى، ئۆنىڭدىن باشقا مايتاغ بازىرى، ئورقۇ يېزىسى، شۆگەي يېزىسى، جەرەنبۇلاق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى، «55» بازىرى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى.

1985-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە قاراماي شەھەرلىك 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي كېڭەش قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. شەھەر باشلىقى ۋە 4 نەپەر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن، قاراماي شەھىرى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئايرىم تەسىس قىلىندى، شەھەرلىك پارتكوم بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارە پارتكومى يەنىلا بىر كومىتېت ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلدى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى، مال باھا ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئەمگەك-كادىرلار ئىدارىسى، شتات كومىتېتى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا كومىتېتى، مىللەتلەر دىن

شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى يەنىلا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

1984-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ش پ [1984] 2-نومۇرلۇق ھۆججىتى «ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدىكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، خادىملار شتاتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» دا: «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن شىخەنزە، قاراماي شەھەرلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق تەشكىلاتى ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ۋە خادىملار شتاتىنى تەسىس قىلىشتا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بويىچە ئىسلاھ قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن، لېكىن ئۇنىڭدا تۆت رايون قۇرۇش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغان.

1984-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى ش پ ب [1984] 127-نومۇرلۇق «قاراماي شەھىرىنىڭ تۈزۈلمىسى، ئاپپاراتى ۋە شتات مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى چۈشۈرۈپ، قاراماي شەھىرىنىڭ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق رايون تەسىس قىلىنمايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى. 1985-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە قاراماي شەھىرىنىڭ قارمىقىدا كاتىبات بۆلۈمى، پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، سودا ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئەمگەك ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى،

بەنگوڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى ش پ ب [1990] 2-نومۇرلۇق «قاراماي شەھىرىنىڭ قارمىقىدا رايون تەسىس قىلىنىدىغان شەھەر بولۇشىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ى ئارقىلىق قاراماي شەھىرىنىڭ قارمىقىدا رايون تەسىس قىلىنىدىغان شەھەر (ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر) بولۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، قارمىقىدا قاراماي، مايتاغ، جەرەنبۇلاق، ئورقۇدىن ئىبارەت تۆت رايون تەسىس قىلىنىدىغانلىقى، شەھەر بىلەن رايون قارمىقىدىكى ئاپپاراتلارنى ئىخچام بولۇش پرىنسىپى بويىچە مۇۋاپىق سەپلەشنى تەستىقلىدى.

1991-يىلى 7-ئايدىن 9-ئايغىچە شەھەرگە قاراشلىق تۆت رايوندىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى تاماملاندى.

1991-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە قاراماي شەھەرلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراماي شەھىرىنى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردىن قارمىقىدا رايون تەسىس قىلىنىدىغان ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرگە ئۆستۈرۈش نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى، باھا ئىدارىسى، ئۆلچەم-ستاندارت ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئەمگەك-كادىرلار ئىدارىسى، ئاپپارات-شتات كومىتېتى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە

ئىشلىرى ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، سودا-سانائەت ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ئۆلچەم-ستاندارت ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا مايتاغ بازىرى، «55» بازىرى، ئورقۇ يېزىسى، شۆگەي يېزىسى ۋە جەرنبۇلاق، ئاقبۇلاق، تاغئېتىك بازىرى، جىنلوڭ بازىرى، تيانشان يولى، غالىبىيەت يولىدىن ئىبارەت ئالتە كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

1987-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى 27-كۈنىگىچە قاراماي شەھەرلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ئېچىلىپ 8-نۆۋەتلىك شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر شەھەر باشلىقى تۆت مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلاپ چىقىلدى، ئاپپاراتتا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى.

1988-يىلى 1-ئاينىڭ 11-كۈنى قاراماي شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ق ھ [1988] 3-نومۇرلۇق ھۆججىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «تۈزۈلمە مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» يوللاپ، قارامايىنى قارمىقىدا رايون تەسىس قىلىنىدىغان شەھەر بولۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1990-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

# قارامايىنىڭ ئۆتكەن زامانلاردىن بۇيانقى تەۋەلىك تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە تەتقىقات

ۋاڭ لىيەنفاڭ

قاراماي — نېفىتلىكنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ دۇنياغا كەلگەن يېڭى نېفىت سانائەت شەھىرى بولۇپ، ھازىرغاقەدەر 40 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ رايوندىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ۋارۋارلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

1992-يىلى قاراماي شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي-جەنۇب تەرىپىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتر كېلىدىغان «نېفىتلىك 5-رايونىنىڭ جەنۇبى» غا يېقىن بىر جايدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاھالىلەر تۇرار جايى خارابىسى بايقالغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى نەخ مەيدانىنى تەكشۈرگەندە قۇرۇپ كەتكەن بىر دەريا قېتىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن 3 دانە مىكرولىت ئەۋرىشكىسىنى بايقىغان، بۇ مىكرولىت ئەۋرىشكىسىدە 2-قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ ئىزناسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئاز

ئىشخانىسى، مالىيە ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، سانائەت ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، سودا-سانائەت ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، سۇ ئىشلار ئىدارىسى، مائارىپ كومىتېتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، پەن-تېخنىكا كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مىللەت-دىن ئىشلار ئىدارىسى، رېۋىزىيە ئىدارىسى، يەر ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ئارخىپ ئىدارىسى، ئورگان خوجىلىق ئىدارىسى، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. قاراماي شەھىرى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پارتكومى يەنىلا بىر ئاپپارات — ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارە كومىتېتى قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مامۇت مەممەت

تېغىنىڭ شىمالى گىرۋىكىدىكى بىر قىسىم ياپيان قەبىلىلىرى تەرەققىي قىلىپ كۆچىيىپ، ئەسلى ئۇيسۇنلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنى ئىگىلىگەن، قاراميۇ ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلانغان. V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قاڭقىللار قەبىلىسىگە قاراشلىق بولغان، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي تۈركلەرگە قاراشلىق تۇرالار قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت رايونى بولغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ غەربىي گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە بولغان. مىلادى 702-يىلى (ۋۇزېتيەن چەكئەننى پايتەخت قىلىپ تۇرغان 2-يىلى) بېشبالىقتا (بۇگۇنكى جىمسار) بېشبالىق قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان، 711-يىلى باش قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، قارمىقىدا ئىسسىق كۆل، تېنىقنۇر (بالقاش) دىن ئىبارەت ئىككى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 23 قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان، قاراماي بولسا ئىسسىق كۆل قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇز كۆل ئايمىقى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق رايون بولغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق مەزگىللىرىگىچە قاراماي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلار بىردەك توققۇز ئوغۇزلارغا قاراشلىق بولغان. شىمالى سۇڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە قوجۇ ئايمىقى (ئىدىقۇت، يەنى تۇرپان ئويمانلىقى) نى مەركەز قىلغان قوجۇ ئۇيغۇرلىرى (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) پائالىيەت دائىرىسىنى غەربىي-شىمال قىسمىدىن ھازىرقى قاراماينىڭ جايىر تېغى

بولغاندىمۇ ھازىرغىچە 4000 يىلدىن ئىلگىرىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ياتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن قارامايدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئاللىقاچان ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىق ئاياغ ئىزى بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

چىن، خەن سۇلالىرىدىن ئىلگىرى زادى قايسى قەبىلە ياكى خەلقىنىڭ ھازىرقى قاراماي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر تولۇق ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىياللار كەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قىيىن. مىلادىدىن ئىلگىرى 2-ئەسىردە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچكەن ئۈيسۇنلار ئىلى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ماناس دەرياسىدىن باشلاپ غەربتە بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلاردا غەربىي دىياردىكى 1-چوڭ خانلىقنى قۇرغان، ھازىرقى قاراماي يەنى ئۇنىڭ پائالىيەت رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى بولۇپ تاكى شەرقى خەن، ئۈچ پادىشالىق، غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە داۋام قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 50-يىلى (پادىشاھ خەنشۈەندى شىنجۆنىڭ 3-يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلى (بۈگۈنكى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر ئەتراپىدا) غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئالىي مەھكىمە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ رەسمىي جۇڭگو خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۈيسۇنلار يەنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدۇ دەپ يېزىلغان.

شەرقىي جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلار دەۋرلىرىدە ئەسلىدىكى ھونلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قېپقالغان تەڭرى

ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، جۈملىدىن قاراماي شەھەر رايونى ۋە جايىر تېغى باغرىغىچە ئورقۇ، ئەيراك كۆلى شۇنداقلا ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئىلى جياڭجۈن (سانغۈن) قارمىقىدىكى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى (1764-يىلى قۇرۇلغان) غا قاراشلىق بولغان، جەنۇبى تەرىپىدىكى مايتاغ بولسا ئۈرۈمچى باش بۈغ (ئىلى جاڭجۈنى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك، لېكىن ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان) نىڭ قارمىقىدىكى كۇرقاراۋۇسۇن خان ئامبىلى (1772-يىلى ئاغلاقچى ئامباللىققا ئۆزگەرتىلگەن) غا قاراشلىق بولغان، شەھەر رايونىنىڭ شەرقىدىن داگۇەي، جۇڭگۇەي ۋە شۆگەيگىچە بولغان قورغان ئۈرۈمچى ئۆلكىسى (1773-يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان) ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ ماناس ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان. 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشتا ئۆلكە، ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندا قاراماي ئىلى-تارباغاتاي ئۆلكىسى (1888-يىلى تەسىس قىلىنغان) نىڭ تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايىتى، قورغان-ئۈرۈمچى ئۆلكىسى ئۈرۈمچى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى (1986-يىلى ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلگەن) نىڭ ماناس ناھىيىسى ۋە كۇرقاراۋۇسۇن بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋىلايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراماي ئايرىم-ئايرىم ھالدا قورغان-ئۈرۈمچى ئۆلكىسىنىڭ ماناس ناھىيىسى، شىخو ناھىيىسى، ئىلى-تارباغاتاي ئۆلكىسىنىڭ چۆچەك ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان. 1915-يىلى ماناس ناھىيىسىدىن ئايرىپ

ئېتىكىچە سوزغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قىتانلار دۆلىتى جۇرجىتلارنىڭ قىستىشى بىلەن غەربكە كۆچكەندە، قاراماي ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرى بىردەك قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قاراشلىق بولغان.

ميلادى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل خانلىقى غەربكە يۈرۈش قىلىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، يېڭىدىن ئىستىلا قىلغان رايونلارنى تۆت خانلىققا بۆلدى، 1251-يىلى يەنە جىمساردا بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى قۇرۇپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان، قاراماي بولسا چاغىتاي خانلىقى ۋە بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بېشبالىقتا ئايغاقچى مەھكىمىسى (1283-يىلى)، باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى قۇرغان (1295-يىلى)، قاراماي شۇلارغا قاراشلىق رايون بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراماي شەرقىي چاغىتاي خانلىقىنىڭ قارمىقىدا بولغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ يەنىلا چاغىتاي ئاخىرقى خانىغا سۇيۇرغال قىلىنغان يەر بولۇپ، ئىلى بالىق دەپ ئاتالغان. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئويراتلار (چىڭ سۇلالىسىغا بارغاندىمۇ ئويراتلار دەپ ئاتالغان) پەيدىنپەي كۆچۈپ غەربكە كېڭىيىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا قەدەم قويغاندا شىنجاڭنىڭ غەربىي چېگرىسى بولغان ھازىرقى قاراماي شەھىرىنىڭ جايىر تېغى ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى ئارىلىقىدا شىنجاڭ يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا

ناھىيىسىگە قارايدىغان بولغان.

1958-يىلى، گوۋۇيۈەن قاراماينى شەھەر قىلىپ قۇرۇشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدىغان تولى، شىخو، ساۋەن، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىرىدىن (1954-يىلى قۇرۇلغان) قارامايغا تۇتاش بولغان بۆلەكلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، قاراماي شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايونى قىلىنغان.

## قاراماينىڭ ئۆتكەن زامانلاردىكى تەۋەلىك جەريانى قىسقىچە جەدۋىلى

| سۇلالىلار | رايونلار | تەۋەلىكى |
|---|---|---|
| غەربىي خەن سۇلالىسى | يۇتۇن زېمىنى | ئۇيسۇنلارغا قاراشلىق |
| شەرقىي خەن سۇلالىسى | يۇتۇن زېمىنى | ئۇيسۇنلارغا قاراشلىق |
| ئۈچ دۆلەت | يۇتۇن زېمىنى | ئۇيسۇنلارغا قاراشلىق |
| ئۈچ دۆلەت | يۇتۇن زېمىنى | ئۇيسۇنلارغا قاراشلىق |
| شەرقىي جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر | يۇتۇن زېمىنى | ياپپانغا قاراشلىق |
| سۈي سۇلالىسى | يۇتۇن زېمىنى | غەربىي تۈرك تېلى (تۆلۈس، تۇرا) لارغا قاراشلىق |
| تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە | يۇتۇن زېمىنى | ئىسسىق كۆل قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسى تۇزكۆل ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان |
| 5 دەۋر 10 دۆلەت زامانىدا | يۇتۇزن زېمىنى | توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە بولغان |
| شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى | يۇتۇن زېمىنى | قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) غا تەۋە بولغان |
| جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە | | قاراقىتان (غەربىي لياۋ) لارغا تەۋە بولغان |
| | | چاغىتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان |

چىقىلىپ ساۋەن ناھىيىسى قۇرۇلغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت
شۆگەيدە قۇرۇلغان، ئىلى-تارباغاتايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ئىلى-چۆچەكتىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە تەسىس قىلىنغان
(چۆچەك ۋىلايىتى 20-يىللارنىڭ باشلىرىدا 5-مەمۇرىي رايونغا
ئۆزگەرتىلگەن، 1940-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلگەن)
، 1917-يىلى، ساۋەن، شىخو ناھىيىلىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە
قارايدىغانغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇ يىلى چۆچەك ناھىيىسىدىن
ئايرىپ چىقىلىپ قوشتولغاي ئامبال ياردەمچىسى تەسىس
قىلىنغان (1930-يىلى قۇيۇقسار باش مەھكىمىسىگە
ئۆزگەرتىلگەن، 1942-يىلى قوبۇقسار ناھىيىسى قىلىپ
ئۆستۈرۈلگەن)، 1918-يىلى چۆچەك ناھىيىسىدىن ئايرىپ
چىقىلىپ دۆربىلجىن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى
قاراماي شەھەر رايونى ۋە جايىر تېغى ئېتىكىدىكى جايلار
دۇربىلجىن ناھىيىسىگە قارىغان. ئورقۇ، ئەيراك كۆلى، دەم
دەرياسى (جام دەرياسى) نىڭ شىمالى قوبۇقسار ناھىيىسىگە،
مايتاغ شىخو ناھىيىسىگە، شەھەر رايونىنىڭ شەرقىدىن تاكى
شۆگەي، جۇڭگۇەي، داگۇەيگىچە بولغان جايلار ساۋەن
ناھىيىسىگە، يۇقىرىقى تۆت ناھىيە بولسا بىردەك تارباغاتاي
ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان. 1949-يىلى 2-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى رەھبەرلىكىدىكى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئەسلىدىكى
دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئۈچ رايونىنى ئايرىپ چىقىپ تولى
ناھىيىسىدە كىرەينى يېرىم ناھىيە قىلىپ قۇرۇشنى قارار
قىلغان، ئازادلىقتىن كېيىن تولى مەركىزىي رايونىغا
ئۆزگەرتىلگەن، 1952-يىلى تولى ناھىيىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ،
ئەسلى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە قاراشلىق رايونلار تولى

# قاراماي شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئاپپاراتىنىڭ تارىخي جەريانى ۋە تەرەققىياتى

لى شيەنكۇن

قاراماي شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى 1973-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئاساسى — قاراماي شەھەر ھاكىمىيەت سىستېمىسى بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان تارماقلارنىڭ بىرى بولۇپ — قاراماي شەھىرى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى خەلق ئىشلار بۆلۈمى، قاراماي شەھەرلىك خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلار بۆلۈمى، قاراماي شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

## 1

1956-يىلى ئېلىمىز بويىچە تۇنجى نېفىتلىك — قاراماي نېفىتلىكى زور كۆلەمدە چارلاش ۋە قۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم

| | | |
|---|---|---|
| يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە | پۈتۈن زېمىنى | چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان |
| | | شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان |
| مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە | پۈتۈن زېمىنى | چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانىغا سۇيۇرغال قىلىنغان (ئىلى بالىق) |
| | | ئويراتلارغا تەۋە بولغان |
| چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە | شەھەر رايونى ۋە جايىرتاغ باغرى، ئورقۇ، ئەيراك كۆلى | تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەتكە قاراشلىق بولغان |
| | شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى | ماناس ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | مايتاغ | كورقاراۋۇسۇن بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەتكە تەۋە بولغان |
| مىنگو دەۋرىدە | شەھەر رايونى ۋە جايىر تېغى باغرى | دۆربىلجىن ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | ئورقۇ، ئەيراك كۆلى | قوبۇقسار ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى | ساۋەن ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | مايتاغ | شىخو ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى (1958-يىلى شەھەر قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى) قۇرۇلغاندىن كېيىن | شەھەر رايونى ۋە جايىر تاغ ئەتراپى | تولى ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | ئورقۇ، ئەيراك كۆلى | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپى | ساۋەن ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |
| | مايتاغ | شىخو ناھىيىسىگە تەۋە بولغان |

ئايرىلىپ، 13 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر (ئاز سانلىق مىللەتتىن بەش نەپەر) سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلغان ئاھالە كومىتېتلىرى ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ تەشكىلاتلارنى ماسلاشتۇرۇش، سەھىيە ئىشلىرى ۋە ئىقىم مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئىككى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇشقا ھەم شەھەرنىڭ سايلامغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرىگە تۇتۇش قىلىندى. 2) غەمخورلۇق ۋە نەپىقە خىزمىتى جەھەتتە، ئاساسلىقى مەجروھلۇق نەپىقىسى تارقىتىش ۋە 1-ئاۋغۇست ئارمىيە قۇرۇلغانلىق بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 5-ئايدىن 8-ئايغىچە 27 كىشىگە 489 يۈەن مەجروھلۇق نەپىقىسى تارقىتىلدى. كان رايونلۇق پارتكومدىن يولىيورۇق سوراپ قارار قىلىش ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئاساس قىلىپ، «1-ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇش بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە دوكلات بەردى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرىمۇ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى، كىنو قويۇپ بەردى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىدىن ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. نېفىتلىكنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نېفىت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ھەربىي سەپتىن قايتقان زور بىر تۈركۈم خادىملارنى تەشكىللىك ھالدا قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، ھەربىي سەپتىن قايتىپ

قويۇپ، ئاھالە تېز كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن، يېڭىدىن گۈللەنگەن نېفىت سانائەت شەھىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1957-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى قاراماي شەھىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى، 1957-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى، گوۋۇيۈەن قاراماي شەھىرى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى؛ تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى 1973-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇرۇلۇپ، 9-ئايدا رەسمىي ئىشخانا، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ شتاتى ئالتە قىلىپ بېكىتىلىپ، سۇڭ زۇچىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىنى، تۇرسۇن ئەبلجان، جاۋدېجاڭلار مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىنى ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالدى.

ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، خەلق ئىشلار خىزمىتى 1957-يىلى 5-ئايدىلا رەسمىي باشلاندى. 5-ئايدىن 9-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۆۋەندىكى خىزمەتلەر ئورۇندالدى: 1) ھاكىمىيەت تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، ئىشخانىدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بولۇپ بىر نەپەردىن كادىر قالدۇرۇلغاندىن سىرت، باشقىلار تامامەن بۇ خىزمەتكە قاتناشتى، ھەمدە باشقا تارماقلاردىنمۇ بىر ئاز كادىر ئاجرىتىلدى. سىناق قىلىش ئاساسىدا، 9-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەش ئاھالە كومىتېت قۇرۇلدى، جەمئىي ئاھالە 755 ئائىلە، نوپۇسى 3391 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 567 ئائىلە، 2411 كىشىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر 188 ئائىلە، 980 كىشىگە يەتتى. 61 گۇرۇپپىغا

سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، ئاساسلىقى نەسەبەت قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۆزى ئىختىيار قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەق تەلەپ ماجرالىرى ئاساسلىقى نىكاھ ماجرالىرى بولۇپ، خەلق ئىشلار بۆلۈمى بۇنىڭغا خېلى زور زېھنى كۈچ سەرپ قىلدى.

شەھەر قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدە، خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قاراماي، ئورقۇ، مايتاغ رايونلىرىدا 22 ئاھالە كومىتېت (مايتاغدا 8 ئاھالە كومىتېت) قۇرۇلدى، شەھىرىمىز چېگرىسى ۋە قاراشلىق رايونلارنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ناھىيىلەر بىلەن بولغان چېگرىسى بېكىتىلدى.

## 2

1958-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى گوۋۇيۈەن قاراماي شەھىرى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى. 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ئېچىلىپ، قاراماي شەھىرىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شەھەر قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى خەلق ئىشلار بۆلۈمى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئاساسەن ئۆزگەرتىلمىدى، شتاتى ئازايتىلىپ بەش كىشى بولدى. بۆلۈم باشلىقلىقىنى يەنىلا سۈڭ زۇچىڭ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىنى تۇرسۇن ئەبلجان، جاۋدېجاڭ ئىككى كىشى ۋاقىتلىق ئۆتىدى، بۆلۈم ئەزالىرى ئۈچ نەپەر بولۇپ، بىرى كادىرلار خىزمىتىگە،

قارىغۇلارچە ئۆزى كەلگەنلەرگە قارىتا ئاساسلىقى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئارقىلىق ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، شەرتكە توشىدىغان ئايرىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 3) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاساسلىقى قارىغۇلارچە ئېقىپ كەلگەنلەر ئوبيېكت قىلىندى. 1957-يىلىنىڭ باشلىرىدا، خېنەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ يېزىلىرىدىن زور بىر تۈركۈم ئىشسىز خادىملار ئېقىپ كەلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭنىڭ ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشسىزلار جەمئىي 437 كىشىگە يەتتى. بۇلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەسلى يۇرتىغا قايتىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەھەل تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغۇچىلارغا مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش بېرىلدى، جەمئىي 11 كىشىگە 5130 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى، ئەسلى يۇرتىغا قايتىشنى خالىسىمۇ يول خىراجىتى بولمىغانلاردىن 13 كىشىنى خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن 146.6 يۈەن سەرپ قىلدى. شۇ كىشىنىڭ شەرتى ۋە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن 187 كىشى (ۋاقىتلىق ئىشچىلىققا) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4) نىكاھ تىزىملاش ۋە ھەق تەلەپ ماجىرالىرى جەھەتتە، تۇرمۇش قۇرۇشقا ئىلتىماس قىلغان 187 جۈپ قىز-يىگىت بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان 19 ئەر-خوتۇنغا نىكاھ تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، تۇرمۇش قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلارغا نىكاھتىن بۇرۇنقى تەن

خىزمەت ئىشلىدى. 1964-يىلى 6-ئايدا، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئەمگەك-كادىرلار خىزمىتى كەسپىنى قايتا ئۆستىگە ئالمايدىغان بولدى، خەلق ئىشلار كەسپى ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، غەمخورلۇق، نەپىقە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، نىكاھنى تىزىملاش، ھەق-تەلەپ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش، سەرگەردان، تىلەمچىلەرنى يىغىپ يولغا سېلىش، مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىش قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. 1963-يىلى 3-ئايدا، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى نېفىت ئىشچىلىرى مەركەزلەشكەن قاراماي شەھەر رايونىدا غالىبىيەت يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن دوستلۇق يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇردى، 1964-يىلى 6-ئايدا شەھەر رايونلۇق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ بىرلەشتۈردى؛ 1965-يىلى 4-ئايدا، نېفىت ئىشچىلىرى مەركەزلەشكەن جەرەنبۇلاق رايونىدا جەرەنبۇلاق كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇردى. بۇ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نىكاھ تىزىملاش، ئاھالە كومىتېت قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسپلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خەلق ئىشلار كەسپى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر تۇتاش ھەربىي ئىدارە قىلىشقا كىرگۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق شتابى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق

بىرى خەلق ئىشلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، بىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، غەمخورلۇق ۋە نەپىقە قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى. 1959-يىلى خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ شتاتى يەتتە كىشىگە كۆپەيتىلدى. 1960-يىلى يەنە بىر شتات قىسقارتىلىپ ئالتە نەپەرگە چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم باشلىقى ئىككى نەپەر بولۇپ، بىر كىشى غەمخورلۇق ۋە نەپىقىگە، بىرى نىكاھ باشقۇرۇشقا، ئىككىسى ئەمگەك ئىش ھەققى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى. بۇ مەزگىلدە، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلار بۆلۈمى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» خىزمەت فاڭجېنىغا پائال ئەمەل قىلىپ، ھاكىمىيەت ئاساسى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىشلەپ، ئاھالە كومىتېتى قۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ھەمدە مۇلازىمەت كوپېراتىپى قۇرۇپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كىر يۇيۇش، كىيىم-كېچەك تىكىش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەپ شەھەر خەلقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. غەمخورلۇق ۋە نەپىقە بېرىش خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە بۇ خىزمەت كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەجرۇھ ھەربىيلەرگە 8450 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى، ئىچكىرىدىن كەلگەن خادىملاردىن 563 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1963-يىلى 12-ئايدا، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى شتات كومىتېتى قۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلار بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ

قاراماي شەھىرىنى رايونلۇق شەھەر قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن ناھىيە باشقارما دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. 1992-يىلى 4-ئايدا، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، جەمئىيەت بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈم، ئىشخانا قۇرۇش، ئومۇمىي شتاتنى 14 نەپەر قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى. شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى خەلق ئىشلار ئىدارىسىغا يۆلەك قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى سانائەت ئىدارىسى، شەھەرلىك دەپنە باشقۇرۇش ئورنىدىن ئىبارەت ئىككى كەسپىي ئورۇن قۇرۇلدى. 1994-يىلى 2-ئايدا، شەھەرلىك يەر نامى كومىتېتى ئىشخانىسى شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مامۇت مەممەت

گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولدى.

### 3

1973-يىلى 10-ئايدا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلدى. مەمەت روزى ئىدارە باشلىقلىقىغا، چېن جاڭشياڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئاساسلىقى غەمخورلۇق قىلىش، نەپىقە بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش، مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئاھالە كومىتېت قۇرۇلۇشى، نىكاھ تىزىملاش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە مايتاغ رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى.

1986-يىلى 10-ئايدا، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ شتاتى 14 نەپەر قىلىپ بېكىتىلدى. 1987-يىلى 3-ئايدا، خەلق ئىشلار ئىدارىسى دەپنە باشقۇرۇش ئورنى، يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش پونكىتى قۇرۇپ، دەپنە باشقۇرۇش ۋە يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش كەسپىنى كېڭەيتتى. 1990-يىلى 6-ئايدا، قاراماي شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىغا يۆلەك قىلىنىپ، كەسپىي جەھەتتە يېتەكلەش يولغا قويۇلدى.

دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە توققۇز ماي قۇدۇقى بولۇپ، بىر قۇدۇقنىڭ كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 200 جىڭدىن ئاشىدۇ. يەنە بىرى، بورتۇڭگۇ بولۇپ، چىراغ مېيىنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.82 ؛ تەبىئىي نېفىتنىڭ سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى 0.845 ، ئۇچۇچان ماي 100 گرادۇستىن تۆۋەن - 1.3 ، چىراغ مېيى 150—300 گرادۇسقىچە - 43.2 ، ئېغىر نېفىت 300 گرادۇستىن يۇقىرى - 55.5 .

2) دىخۇا (ئۈرۈمچى) ئەتراپى نېفىت كېنى.

3) شىخو نېفىت كېنى. ئىككى جايدا، بىرى شەرقىي جەنۇبىي يېزىسى، چوڭ نامى نەنسەن، كىچىك نامى مايتاغ بولۇپ، نېفىت قۇدۇقى 32 ، نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغانلىرى 15 كىلا يېتىدۇ، قالغانلىرى توسۇلۇپ كىرەكتىن چىققان.

4) چۆچەك نېفىت كېنى. شەرقىي-جەنۇبىي يېزا، بۇ يەرنىڭ چوڭ نامى چىڭشىشىيا (كۆكتاش جىلغىسى)، كىچىك نامى كونا قاراماي بولۇپ، ئارىلىقى ئۈرۈمچىگە 680 چاقىرىم كېلىدۇ، ئىلگىرى بۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ نېفىت ئالامەتلىرى بايقالغان، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاش-توپىلار بىلەن ئېتىلىپ قالغان، ھازىر ساقلىنىپ قالغان توققۇز قۇدۇق بار.

5) كۇچار نېفىت كېنى.

6) ساۋەن نېفىت كېنى.

2-لى جۇچېن: «غەربىي شىمالغا سەپەر» (مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1945-يىلى)

«مايتاغ ئەتراپىغا بارغاندا گوكېچۇەن ئەپەندى پىكاپ بىلەن قارشى ئېلىشقا كەلدى. گوكېچۇەن ئىقتىساد مىنىستىرلىكى مايتاغقا نېفىت كېنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتكەن بىرقانچە

# شىنجاڭنىڭ نېفىت تارىخى ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى (6-)

دەي لياڭزۇ

1-ۋاڭ جىنفۇ: «غەربىي-شىمالنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە ئېتنوگرافىك جۇغراپىيىسى» (سودا نەشرىياتى، 1935-يىلى 2-ئاي)

«شىنجاڭدا نېفىت ئالامىتى بايقالغان جايلار ماناس، ئۈرۈمچى، شىخو، چۆچەك، كۇچا، ساۋەن، ئاقسۇ كوناشەھەر، يەكەن، قەشقەر كونا شەھەر (توقۇزاق) قاتارلىقلار بولۇپ، ھەر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 84 مىڭ جىڭ ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ، ئاساسلىق نېفىت كانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ماناس نېفىت كېنى. ھازىر خەلق نېفىت ئېلىۋاتقان رايونلار تۆتكە بۆلىنىدۇ. غەربىي-جەنۇبىي يېزىدا تۆت نېفىت بۇلىقى بولۇپ، كۈنىگە 30-20 جىڭغىچە نېفىت ئېلىنىدۇ. بىرى، ئۇدۇل جەنۇبىي يېزىسىدا يەتتە مايبۇلاق بولۇپ، مولچىلىق بولغاندا كۈنىگە 50-40 جىڭ نېفىت ئېلىنىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ئۇنى جىن چىراغ يېقىشقا ئىشلىتىدۇ. يەنە بىرى، غەربىي جەنۇبىي يېزا بولۇپ، چوڭ يەر نامى جيەنشۈيخې (تۈزلۈق سۇ دەرياسى)، كىچىك يەر نامى تۇڭگۇتەي (تۇڭگۇتى)

ئىشچىلىرىدىن سىرت، قالغان ئەر-ئايال، ياش-قېرى دېگەندەك تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئىكەن، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ لابوراتورىيىدە بىرلا جۇڭگولۇق ئىشلەيدىكەن. يېقىندا مەركەز ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىراق ھېسابات سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىلا بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇلار قانداق ھېسابلىسا شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

29-كۈنى (تەھرىر ئىلاۋىسى: يەنى مىنگونىڭ 31-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى) ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن زاۋۇت باشلىقى ۋېن زېچۈەننىڭ ھەمراھلىقىدا نېفىت قۇدۇقلىرى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، لېكىن ئېكىسكۇرسىيە قىلىشتىن ئاۋۋال روسىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئاندىن ئۇلار ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدىكەن. ئالدى بىلەن بىز قۇدۇقنى كۆزدىن كەچۈردۇق، قۇدۇقلار جىلغىدا بولۇپ، زاۋۇت بىناسىدىن تەخمىنەن 1—2 چاقىرىم يىراقلىقتا ئىكەن. بۇ يەردە بۇرغىلانغان قۇدۇقلار نەچچە ئون بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى پەقەت بىر قانچىلا ئىكەن. چۈنكى ئەينى چاغلاردا روسىيىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بۇرغىلاش ستانوكى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن 500 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق بۇرغىلاشقىلا بولاتتى، بۇنىڭدىن چوڭقۇر قېزىشقا ئىقتىدارى يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىنغان نېفىت ئۈستۈنكى قاتلامدىكى ئاز بىر قىسىم نېفىت بولۇپ، ئاستىنقى قاتلامدىكى زور مىقداردىكى نېفىتنى ئېلىشقا مۇمكىن بولمىغانىدى. ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا فونتانلاۋاتقان قۇدۇقتىن

كىشىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى خۇاڭ جىچىڭ ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى. مايتاغ نېفىت كېنى تاشيولدىن توققۇز كىلومېتر يىراقلىقتا توغرا كېلىدىكەن. مايتاغنىڭ تۆت ئەتراپىدا تاغ بولمىغانلىقى ئۈچۈن «يالغۇز تاغ» دەپ نام بېرىلگەنىكەن. نېفىت كېنىنىڭ كۆلىمى خېلىلا زور بولۇپ، بىنالار تارقاق سېلىنغان، گويا ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قىلىشنى نەزەرگە ئالغاندەك ئىشتىن ئاۋۋال مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. يېتىپ بارغاندىن كېيىن گوكېچۇەنىڭ ھوزۇرىدا ئارام ئالدۇق، ئاندىن كېيىن زاۋۇت باشلىقى ۋېن زېشۇەن بىزنى كۆتۈۋېلىپ چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى. ۋېن زېشۇەن شەرقىي شىماللىق بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ شاڭخەيدە ئوقۇشقا قاتناشقان ھەربىي بولسىمۇ ئۇ بۇ يەردە ھەممىدىن ئاۋۋال سانائەتنى يېڭىدىن راۋاجلاندۇرغان زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. تاماق پۈتۈنلەي غەربچە بولۇپ، ھەممە نەرسىلەر تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مول يېمەك-ئىچمەكلىرى ئىدى، بۇنداق مەنزىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردە ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولاتتى، ئاشپەز روسىيەدىكى جۇڭگو مۇھاجىرى ئىدى، كۈتۈۋالغۇچىلارمۇ مۇھاجىر قىزلاردىن بولۇپ، بۇنداقلارنى شىنجاڭدا پرىيۇتكا دەپ ئاتايتتى...

بۇ نېفىت كېنى مىنگونىڭ 25-يىللىرى ئېچىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرۇلغانىكەن. شىنجاڭدا تەبىئىي نېفىت كانلىرىدىن باشقا، پۇل ۋە خادىم بولمىغاچقا ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ كېلىنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭلىق ھەر مىللەت

# «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئەسلىگەندە

ئابدۇخالىق داۋۇت

«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» چىقىرىلغىنىغا بۇ يىل 10-ئايدا 40 يىل توشىدۇ. «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» تارىخى دەل قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىش تارىخى بىلەن ئوخشاش تارىخ. مەن «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نىڭ تۇنجى قېتىملىق مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن گېزىت نەشر قىلىنىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئەسلەپ يولداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق كۆردۇم.

مەن 1951-يىلى 3-ئايدا قەشقەردە خىزمەتكە قاتناشقان، 1955-يىلى 5-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى (ئۇز ۋاقتىدا شىنجاڭ شۆبە بيورو پارتىيە مەكتىپى دېيىلەتتى) دە ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ نېفىت شىركىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن شىركەت پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. مەن كەلگەن ۋاقىت سوۋېت تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پاي ھەسسىدارلىقىنى دۆلىتىمىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇرۇنقى جۇڭگو-سوۋېت ھەسسىدارلىق شىركىتى دېگەن نامنى يېقىلغۇ سانائەت مىنىستىرلىكى شىنجاڭ

بىرى بولۇپ بىسىمى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، يۇمىنىڭكىگە يەتمەيتتى. قۇدۇقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئورنى باش زاۋۇتنىڭ سىرتىدا بولۇپ، نېفىت ئايرىش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى يېڭى ئىكەن، كۈندىلىك نېفىت ئايرىش ئىقتىدارى 50 تونىنغا يېتىدىكەن. لېكىن هازىرقى خام نېفىت بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى بويىچە پەقەت بەش توننىلا نېفىت ئايرىلالايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا بۇ زاۋۇت بەزىدە ماڭدۇرۇلۇپ، بەزىدە توختىتىلىپ قويىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ خام نېفىتى بىرقەدەر سۇزۇك هەم موم بولمىغانلىقى ئۈچۈن خام نېفىت جىلغىدىن تۆمۈر تۇرۇبا ئارقىلىق ئېقىپ كېلىدىكەن، قىش پەسىللىرىدىمۇ توڭلاپ توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى بولمايدىكەن.

بۇ زاۋۇتنى جۇڭگو قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى باشقۇرسا سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ نېفىت ئايرىش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقا تۇرۇبا قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنى دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىشى، هەتتا نېفىت قۇدۇقلىرىنى پارتلىتىۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ كۆپ قېتىم سۆزلىشىش ئارقىلىق بەختىگە يارىشا تامامەن ئامان قالغان. مەركەز بۇ يەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىدۇ، يېقىندا يېتىپ كەلمەكچى، هازىرچە پەقەت ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ ئىش كۆرۈشكىلا توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: مامۇت مەممەت

بارچە تېزلىكتە يېڭى نېفىتلىك تېپىپ، نېفىت زاپىسىنى كۆپەيتىش ئۈمىد قىلىنغان. شۇ يىغىندا يەنە كونا قاراميدا (خەنزۇچە 黑由山 دېيىلگەن. ئۇيغۇرچىدا كونا قاراماي دېيىلگەن. كېيىن قاراماي دەپ ئاتالغان) ئىككى چارلاش قۇدۇقى قېزىش قارار قىلىنغان. شۇ يىغىندىن كېيىن مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى بۇرغىلاش باشقارمىسى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇرغىلاش باشقارمىسى 1219-ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتىنى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل قىلغان. بۇ ئەترەت يولداش ئەيسا قارى، لۇمىڭباۋ باشچىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1955-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى قاراماي 1-نومۇرلۇق قۇدۇقتا بۇرغىلاش باشلىغان. بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان 36 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بوران-چاپقۇنلار ئۈستىدىن كۈرەش قىلىپ، پاشا-كۆكۈيۈنلەرنىڭ ئازاب سېلىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، «خاتىرجەم ئىشلەپ يىلتىز تارتىپ، نېفىت چىقمىسا ئېيتىمىزدىن ھەرگىز قايتمايمىز» دېگەن ئىرادىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، 10-ئاينىڭ 29-كۈنى ئاخىرى 1-قۇدۇقتىن سانائەت قىممىتىگە ئىگە ماي فونتانلاتقان. 1-قۇدۇقتىن نېفىت چىقىشى شىركەتتىكى (ئىدارىدىكى) پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى خوشال قىلدى. 1-قۇدۇقتىن نېفىت چىقىشى شىنجاڭ-نېفىت سانائىتىنىڭ چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. قاراماي رايونىنى چوڭ چارلاشنىڭ مۇقەددىمىسىنى جاكارلىدى.

يۇقىرىدىكىدەك ۋەزىيەت تەرەققىياتى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن شىركەت (ئىدارە) پارتىيە كومىتېتى 1955-يىلى 10-ئايدا «شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» (新疆石油工人报) چىقىرىشنى قارار قىلغان. پارتىيە كومىتېتى گېزىت چىقىرىش توغرىسىدا قارار قىلغاندا، مەن مايتاغدا خىزمەت گۇرۇپپىسىدا

نېفىت شىركىتىگە ئۆزگەرتكىنىگە تېخى ئەمدىلا 5 ئايدەك بولغان ئىكەن (1956-يىلى 6-ئايغا كەلگەندە شىركەت نامىنى نېفىت مىنىستىرلىكى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتكەن). سوۋېت تەرەپ خادىملىرى ئاز ساندىكى مۇتەخەسسىسلەردىن باشقا قالغانلىرى ئاساسەن قايتىپ بولغان ئىكەن. شىركەت قارمىقىدا بەزى بىۋاستە قارايدىغان ئاساسى قاتلام ئورۇنلىرى بولغاندىن باشقا ئاساسلىق نېفىت بازىسى يەنىلا مايتاغ كان رايونى ئىكەن. جەنۇبى شىنجاڭدا كان رايونى 1955-يىلى 2-ئايدا ئەمەلدىن قېلىپ بىر چارلاش دادۈي قالغان ئىكەن. شۇ چاغدا مايتاغدا يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش 70 مىڭ توننىغا يەتكەن. مەملىكەت بويىچە بولسا 622 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ پۈتۈن مەملىكەت ئېھتىياجىنىڭ ئاران 34% تىنىلا قاندۇرالايدىكەن. شۇڭا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، نېفىت گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، بارلىق ئۇنۇملۇك چارىلارنى قوللىنىپ نېفىت چارلاش كۈچىنى تېزلىكتە كۈچەيتىش لازىم، دەپ يوليورۇق بەرگەن. شۇ چاغدا مەركەزدە ئىقتىسادى قۇرۇلۇشنى ئاساسلىق باشقۇرۇۋاتقان يولداش چېن يۈن: «ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە بىر، ئىككى چوڭ نېفىت رايونىنى تېپىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ يوليورۇق بەرگەن.

پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ۋە مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇقى ۋە تەلىپىگە جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1955-يىلىنىڭ بېشىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك نېفىت چارلاش يىغىنىدا، شىنجاڭ نۇقتىلىق چارلىنىدىغان رايونلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە 1955-يىلى قاراماي قاتارلىق سەككىز تۈزۈلمىدە چارلاش قۇدۇقى قېزىش، شىنجاڭدا ئىمكانىيەتنىڭ

قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىنىپى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش.

تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتتە: پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى خې زىلى قوشۇمچە باش تەھرىر، جۇشاۋ، مەن، ۋاڭ يۇلىن مۇئاۋىن باش تەھرىر بولغان. تۆۋەندە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە گېزىتلەرنىڭ ھەربىرى بىردىن گورۇپپا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر قوشۇمچە مەسئۇل بولغان. كېيىنچە ئۇيغۇرچە گېزىتتە ئابلىز قاسىم تەرجىمە، تەھرىر گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ بىر تەرەپتىن تەرجىمە خىزمىتىنى، يەنە بىر تەرەپتىن گورۇپپىنىڭ مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

1955-يىلى 12-ئايدا خې زىلى، جۇشاۋ، ۋاڭ يۇلىن، ئابدۇخالىق، جۇلىگو، ئابابەكرى سابىرۇپ، سىدىق ھەسەن، تيەنيۇچىڭ، ليوفېڭجۇن قاتارلىق توققۇز كىشىلىك تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلغان. بۇ ھەيئەت باش تەھرىر رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بارغان.

پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا بىر تەرەپتىن گېزىت چىقىرىشقا ئېھتىياجلىق خادىملارنى تولۇقلاش ئىشلىرىنى تۇتۇش، يەنە بىر تەرەپتىن 11-، 12-ئايدا تەييارلىق قىلىپ، 1956-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي گېزىت چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مەن ۋە ئابلىز قاسىم «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا بېرىپ بىر ئايدەك ئۆگىنىش قىلدۇق. بىز ئاساسەن ماقالىلارنى تەھرىرلەش، بەت تۈزۈش، ماقالە تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە ماقالىلىرىنى قانداق تەھرىرلەش، قاتارلىق بىر يۈرۈش گېزىت چىقىرىش

ئىشلەۋاتقان ئىدىم. بىر كۈنى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىدىق ھەسەن مەن بىلەن سۆزلۈشۈپ، ئىدارە پارتكومى گېزىت چىقىرىشنى قارار قىلغان ئىكەن. سىز دەرھال ئۆرۈمچىگە قايتىپ گېزىت چىقىرىش تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەيسىز، دەپ ئۇقتۇردى. شۇنداقلا يەنە مايتاغدىن بىر تەرجىمان يۆتكەپ كېتىشنى تاپىلىدى. مايتاغدىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى، تەشكىلات ئورۇنلىرىنىڭ يۆتكىشى بىلەن مايتاغ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەۋاتقان يولداش ئابلىز قاسىمنى بىرگە يۆتكەپ قايتتىم.

ئۆرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى ۋە گېزىت چىقىرىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇدى.

پارتكومنىڭ قارارىدا گېزىت نامى «شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» قىلىپ بېكىتىلگەن. گېزىت خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا كىچىك تۆت بەتلىك قىلىپ دەسلەپكى ئايلاردا قەرەلسىز چىقىرىش، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەۋەسىدىكى ئىدارە-ئورگانلاردىن تارتىپ ئاساسلىق قاتلاملارغىچە ھەقسىز تارقىتىش، شىنجاڭ ۋە نېفىتلىك بار جايلاردىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغىمۇ مۇۋاپىق سانلار يوللاپ بېرىش كۆرسىتىلگەن. گېزىت چىقىرىش فاڭجېنى جەھەتتە: ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى باش لۇشيەن، باش ۋەزىپىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجاتچانلىقىنى تەقدىرلەش، ئۇلار ئىچىدىكى ئىلغارلارنى، ئىلغار ئىشلارنى تەشۋىق قىلىش، ناچار ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىش، گېزىت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ساداسى ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس

نېفىت جەڭچىلىرى گېزىتى» ( 新疆石油战报 ) قىلىپ چىقىرىلغان. 1972-يىلى 10-ئايغىچە جەمئىي 340 سان چىققان.

1974-يىلى 8-ئايدا بۇ گېزىت «قىسقا خەۋەر» بولۇپ چىققان. ( 简报 ) جەمئىي 44 سان چىققان.

1975-يىلى 1-ئايدا «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ هازىرغىچە چىقماقتا.

1957-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ گېزىتنىڭ رەهبەرلىك بەنزىسىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان. مەن ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەن. مېنىڭ ئورنۇمغا شېتىۋالدى ئەيسا مۇئاۋىن باش مۇهەررىر بولغان. كېيىنچە جۇشاۋ، ۋاڭ يۈلىن «ئوڭچى» قىلىنىپ ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن. جىڭ زىجى مۇئاۋىن باش مۇهەررىر بولغان. كېيىن ماخۇامىن، لوگومىن، ئابلىز كېرىم قاتارلىقلار مۇئاۋىن باش مۇهەررىر بولغان. يۇقىرىدىكىلەر گېزىت چىقىرىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەهۋاللار بولۇپ، گېزىت چىقىرىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بىرقانچە ئاساسى نۇقتىلار تەشۋىق قىلىنغان.

**1-پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش.**

قاراماي 1-قۇدۇقتىن نېفىت چىققاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزى كومىتېتى گوۋۇيۈەن «قاراماي نېفتلىكىنى چارلاش، ئېچىشنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى.

نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى رەهبەرلىرى يەنە «نېفىت شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئەڭ زور تىرىشچانلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئېغىر ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى كۈتىۋېلىش» كېرەك دېگەننى تەلەپ قىلدى.

تەرتىپلىرىنى ئۆگەندۇق. ئۆگىنىشتىن كېيىن قايتىپ تەييارلىق قىلىپ، 1956ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى رەسمىي 1ـ سان گېزىتنى چىقاردۇق.

«شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچىسى دەسلەپ «شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» بولغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن «شىنجاڭ نېفىتچىلىرى» قىلىپ چىقىرىلغان. دەسلەپ قەرەلسىز چىققان. كېيىن ھەپتىدە 2 سان، 3 سان چىققان. 1956ـ يىلى 1ـ ئايدىن 1958ـ يىلى 3ـ ئايغىچە جەمئىي 381 سان گېزىت چىققان. تىراژى 2000. 500 نۇسخىدىن 13000 نۇسخىغا يەتكەن. ئۇيغۇرچىسى ئەتراپىدىن 4000 نۇسخىدىن كۆپرەك بولغان.

1958ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەرگەن بولۇپ 1960ـ يىلى 12ـ ئايغىچە جەمئىي 719 سان چىقىرىلغان، گېزىت نامى «شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» ، «شىنجاڭ نېفىتچىلىرى كۈندىلىك گېزىتى» گە ئۆزگەرگەن. 1962ـ يىلى 4ـ ئايدا «ئاخبارات» چىقىرىلغان، 1965ـ يىلى 6ـ ئايغىچە جەمئىي 463 سان چىقىرىلغان.

1965ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئاخبارات» «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» گە ئۆزگەرگەن. 1966ـ يىلى 12ـ ئايغىچە جەمئىي 243 سان چىققان.

1967ـ يىلى 1ـ ئايدا «ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار گېزىتى» چىقىرىلغان. 14ـ مارتقىچە جەمئىي 23 سان چىققان.

1967ـ يىلى 4ـ ئايدا «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» چىقىرىلغان. 1968ـ يىلى 5ـ ئايغىچە جەمئىي 212 سان چىققان.

1970ـ يىلى 3ـ ئايدا «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» ، «شىنجاڭ

ئايلاندى. مەملىكەت بويىچە «قارامايغا بارايلى»، «جۇڭگونىڭ 1-چوڭ نېفىتلىكىنى ئېچىشقا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىمىزنى تۆھپە قىلىمىز!» دېگەن چاقىرىقلار ياڭراپ، قارامايغا ياردەم بېرىش ئاممىۋى ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە ماددى، مەنىۋى، ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەپ-تەرەپتىن ياردەم كېلىشكە باشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى ۋاڭ ئىنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار نېفىتلىككە كېلىپ ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى ۋە مەدەت بەردى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە مەسئۇللىرى، ھەر قايسى دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قارامايغا كېلىپ قارامايدىكى جەڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

ئىدارە پارتكوم 1956-يىلىنىڭ باشلىرىدا «چوڭ نېفىتلىك تېپىش ئۈچۈن چوڭ بىرلەشمە جەڭنى قانات يايدۇرۇش» نى قارار قىلدى. شۇنداقلا «تورنى كەڭ يېيىپ، چوڭ بېلىق تۇتۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. نۇرباغ رايونىدىكى ئىدارە ئورگان، مايتاغ كان رايونى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، قارامايغا بېرىپ بىرلەشمە جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى.

ئىدارە پارتكوم يەنە قاراماي قېزىپ چارلاش باشقارمىسى قۇرۇش، 10 نەچچە باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاجرىتىپ قارامايىنىڭ چارلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى، مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى «مايتاغنى تارايتىپ قارامايغا ياردەم

1955ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى قاراماي 1ـ قۇدۇقتىن ماي چىققانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەردە «قاراماي تاغ (دەسلەپ شۇنداق ئاتالغان) نېفىتلىكىنىڭ تۇنجى چارلاش قۇدۇقىدىن نېفىت چىقتى»، «قاراماي تاغ نېفىتلىكىدە تۇنجى چارلاش قۇدۇقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇرغىلاندى» دېيىلگەن. بۇ خەۋەر «خەلق گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. «شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى» گېزىتىدىمۇ تەشۋىق قىلىنغان.

1956ـ يىلى 4ـ ئايدا قاراماي 4ـ ۋە 3ـ قۇدۇقىدىن ئارقا-ئارقىدىن ماي چىقتى. 1956ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى مەسئۇلى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئارقىلىق «قاراماي رايونىدا ناھايىتى ئۈمىدلىك بىر نېفىتلىك تېپىلدى» دەپ ئېلان قىلدى. 5ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى «خەلق گېزىتى» «نېفىت سانائىتى ۋە نېفىت گېئولوگىيىلىك چارلاشنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى تېزلىتەيلى» دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلدى. 9ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى «خەلق گېزىتى» يەنە باش ماقالە ئېلان قىلىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە «قاراماي ۋە سەيدام نېفىت رايونىغا ياردەم بېرىش» توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى. 12ـ ئايدا مىنىستىرلىكى كۈي نېفىت مىنىستىرلىكىدىن رەھبىرى كادىرلارنى باشلاپ كېلىپ «چارلاشنى تېزلىتىپ، زور تىرىشچانلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئېغىر مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى كۈتۈۋېلىش» دېگەن مەركەزنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى.

جايلارنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى، يازغۇچىلار، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قاراماي نېفىتلىكىگە ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ھەر خىل تېمىدا قاراماي نېفىتلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە مەملىكەت ۋە شىنجاڭ بويىچە قاتتىق ئىنكاس قوزغاپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشقا

ھەر قايسى جايلىرىدىن ياردەم بېرىدىغانلار ئارقا-ئارقىدىن
كېلىشكە باشلىدى. ئەنشەندىن تېيىز بۇرغىلاش ئەترىتى كەلدى.
تېخنىك ئىشچىلار يۈمېن، يەنچاڭ، سىچۈەن، باۋجى قاتارلىق
نېفىت كانلىرىدىن يۆتكىلىپ كەلدى. شاڭخەي، خۇنەن، خۇبېي،
سىچۈەنلەردىن يەنە بىر مۇنچە زىيالىي ياشلار كەلدى. شۇنداق
قىلىپ 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قارامايدا 5000 دىن
ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى ھەم ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن 26
بۇرغىلاش ئەترىتى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش
ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان قوشۇن بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
قاراماي نېفىتلىكىدە بىر زور ھەيۋەتلىك قېزىپ چارلاش
بىرلەشمە جەڭ ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ قوشۇن قاراماينى
قۇرغۇچى بىرىنچى تۈركۈمدىكى تايانچلار بولۇپ قالدى.

**2-قاراماي بىرلەشمە چوڭ جەڭ مەيدانىدىكى ئىلغار ئىش، ئىلغار كىشىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىش.**

قارامايدا بىرلەشمە چوڭ جەڭ باشلانغاندىن كېيىن
گېزىتىمىز بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى
تەشۋىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن قارامايدا ئۇيۇشتۇرۇلغان
بىرلەشمە چوڭ جەڭ ئەھۋالى ۋە بىرلەشمە چوڭ جەڭ جەريانىدا
بارلىققا كەلگەن ھەر ساھەدىكى ئىلغار شەخس، ئىلغار ئىشلار،
ئىلغار تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى ئاممىنىڭ ئەمەلىي
ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئۆز ۋاقتىدا قاراماي رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناھايىتى
ناچار جاپالىق ئىدى. قاراماي كۆز يەتكۈسىز چۆل-جەزىرە
بولۇپ، ھەممە يېرى سۆكسۆك، يانتاقلار بىلەن قاپلانغان. نەچچە
10 چاقىرىم ئەتراپتا ئادەم ئىزلىرى كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا كىلىماتى
تىپىك چۆل كىلىماتى بولۇپ، ياز پەسلىدە تومۇز ئىسسىق 40℃
، قىش پەسلىدە قەھرىتان سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن 30℃ دىن

بېرىش بىرىنچى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن مايتاغ كان رايونى دائىرىسىدە «كونا قاراماينىڭ ياخشى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالايلى! »، «دۆلەت ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئەڭ جاپالىق بولغان يەرگە بارايلى! » دېگەن شوئارلار تەشۋىق قىلىنىپ قارامايغا بېرىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتىكى قاراماينىڭ ھەر جەھەتتىكى شارائىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، تىزىمغا ئالدۇرغانلار ئىچىدىن ئاران 1600دەك كىشىنىڭ ئالدى بىلەن بېرىشى تەستىقلانغان.
ئىشچى-خىزمەتچىلەر 1955-يىلىدىكى 36 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 1956-يىلىغا كەلگەندە 5000 نەپەردىن كۆپرەككە يەتكەن، 1965-يىلىغا كەلگەندە 40 مىڭدىن ئاشقان. 1956-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە بۇرۇنقى بىر قۇدۇقتىن كېڭىيىپ كۆلىمى 130 كۋادرات كىلومېتىر بولغان، قېزىپ ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 100 مىليون توننىغا يەتكەن بىر ئۈمىدلىك چوڭ نېفىتلىك بارلىققا كەلدى. 1960-يىلىغا كەلگەندە بىر مىليون 636 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىتنىڭ %39تىنى ئىگەللىگەن. كونا جۇڭگونىڭ 46 يىللىق مەھسۇلاتىغا تەڭ بولغان.
1958-يىلى 10-ئايدا نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى قارامايدا نېفىتلىك رەھبىرى كادىرلىرىنىڭ نەق مەيدان يىغىنىنى ئېچىپ قاراماي ئىجاد قىلغان قاراماي تەجرىبىلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى يەكۈنلىگەن. نەق مەيدان يىغىنىدىن كېيىن ناھايىتى زور يېڭى بۆسۈشلەر بارلىققا كەلگەن. شۇ ۋاقىتتىكى 78 بۇرغىلاش ئەترىتى 250 ئەترەت قېتىم ئايدا 1000 مېتىر قېزىش رېكورتىنى يارىتىپ چارلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.
«خەلق گېزىتى» چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ

ياكى قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن كۆرۈلۈپ باقمىدى. كەيپىيات يۇقىرى، خاتىرجەم جەڭ قىلىدىغان بۇ خىل يۇقىرى كەيپىيات كىشىنى خۇشاللاندۇراتتى.

ئىشلەپچىقىرىشتا ئارقا-ئارقىدىن خوش خەۋەر تارقىلىپ تۇردى، ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار ئىشلار، يېڭى-يېڭى تەجرىبىلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. بۇرغىلاش ۋىشكىسىنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈش، نېفىت قۇدۇقلىرىدا يەرلىك ئۇسۇل بويىچە ئىسسىنقلىق ساقلاش قاتارلىق يېڭى كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى، ترانسپورت ۋە تۇرمۇش ساھەلىرىدىمۇ نەق مەيدان ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە ياخشى ئىش، ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى.

1955-يىلى خې سىڭيۇ، ۋاڭ جۇڭفا، سەي فۇگۇي، ماسەي، مامۇت توختى، ئابلاسېيتوپلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

1956-يىلى خې سىڭيو، گوجىنجۇڭ، ئابلا تۇرسۇن، ماسەي، دايىمجان قاتارلىق 12 كىشى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى؛ 18 كىشى نېفىت مىنىستىرلىكى دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ 1956-يىلىنىڭ باشلىرىدا نېفىت مىنىستىرلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان ھەم 1956-يىلى 5-ئايدا مەملىكەتلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇلار تۇنجى قېتىم ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي قاتارلىق پارتىيە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شىنجاڭ نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرگەن.

بۇ خەۋەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلىرى گېزىتتە كەڭ تەشۋىق قىلىنغان. 1957-يىلى 1-ئايدا قاراماي كان رايونىدا

يۇقىرى بولاتتى. قىش ۋە باھار پەسلىدە قېلىن قار ۋە جاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان شىۋىرغانلار كىشىلەرگە ناھايىتى زور دەرىجىدە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى، چىقىپ تۇرىدىغان بورانلار چېدىرلارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، يوتقان-كۆرپىلەرنى ۋە نەرسە-كېرەكلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان، قۇملارغا كۆمۈپ تاشلايدىغان ئىشلار پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا بولغان زىيىنى كۆپ بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاشا-كۇمۇتىلار، كۆكۈيۈنلەر كۆپ بولۇپ كىشىلەرنى سىڭىنا بويىچە چېقىپ ئارام بەرمەيتتى. بەزى چەتىرەك جايلاردا ھەم چېدىر ئالدىدا ئاخشىمى ئۇخلىغاندا بۆرە ۋە پاشا، كۇمۇتىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن گۇلخان يېقىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كونا قارامايىنى «پاشىلىق جىلغا» دەپ ئاتاشقان.

قارامايدا ئېقىن سۇ بولمىغاچقا ئىشلىتىدىغان ۋە ئىچىدىغان سۇ ناھايىتى قىس ئىدى. سۇ 40-50 كىلومېتىر يىراقتا دەسلەپ تۆگىلەر بىلەن، كېيىنچە ماشىنا بىلەن توشۇپ كېلىنەتتى. سۇ توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن كۈنلىكى بىر كىشىگە پەقەت يۈز يۇيۇش، يۇيۇنۇش، كىر يۇيۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر داس سۇ بېرىلەتتى. بۇ سۇنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى تىندۇرۇپ ئىشلىتەتتى. ئىچىش ئۈچۈن كۈنىگە بىر كورۇشكا سۇ بېرىلەتتى. بۇنى ئىقتىساد قىلىپ ئىچىپ ئېشىپ قالغىنىنى باكلاشقىغا قاچىلاپ ساقلاپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۇ ئاچچىق، تۇزلۇق، قىرتاق بولۇشتەك ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

قاراماي مانا شۇنداق جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن بىرلەشمە چوڭ جەڭگە قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر «قەيەردە نېفىت بولسا شۇ يەر مېنىڭ ماكانىم»، «خاتىرجەم ئىشلەپ يېلتىز تارتىمىز» دېگەن ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلدى. زارلىنىدىغان

مۇناسىۋەتنى داۋاملىق مۇستەھكەملەيدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كەسىپ ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، بىر-بىرىنى يېتەكلەش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلسە ئۆزئارا ياردەم قىلىشتەك تەسىرلىك ئىشلار داۋام قىلدى.

كېيىنكى جەڭلەردىمۇ ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مۇرنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش، ئۆزلەشتۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. قاراماي ئۆستىڭىنى ياساش، قارامايدا يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن تارتىپ، جەنۇبى شىنجاڭنى چارلاپ تەكشۈرۈش، ئۈچكىلىك، كۆكياردىن نېفىتلىك تېپىش، شەرقى جۇڭغارىيە نېفىتلىكىنى تېپىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، يىغىپ ئېيتقاندا شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ يوقتىن بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقىدەك زامانىۋىلاشقان بىرلەشمە چوڭ كارخانىغا ئايلىنىش تارىخى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان تارىخى ھەم ھەر بىر مۆجىزە، ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مول نەتىجىسىدۇر.

## 4.نېفىت ئاساسي بىلىملىرى ۋە نېفىت ئىشلەش تېخنىكىلىرىنى تەشۋىق قىلىش.

بىرلەشمە جەڭ باشلانغاندىن كېيىن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزى جەڭ قىلىۋاتقان نېفىتنى تونۇشى تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ نېفىت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، ئاڭلىق جەڭ قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، نېفىت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق پەيدا بولغان، ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى، ئۇنى قانداق تېپىش، قانداق ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق بىلىملەرنى تونۇشتۇردۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا

1-نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلىپ 16 نەمۇنىچى ئورۇن، 85 نەمۇنىچى شەخس مۇكاپاتلانغان. بۇلار ئىچىدىن ئۈچ ئورۇن، سەككىز شەخسى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى دەرىجىلىك نەمۇنىچى كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. بۇ قېتىمقى يىغىن يالغۇز نەمۇنىچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىلا بولماستىن، بەلكى قاراماي بىرلەشمە جەڭ غەلىبىلىرىنى خۇلاسىلاش، ئەسكىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش، كۆپچىلىك ئەقىل كۆرسىتىش ۋە كۈچ تەقدىم قىلىش، ئادەتتىكى ھالەتتىن ھالقىپ چۈشىدىغان خىزمەت روھى، ئادەتتىكىچە ئەھۋالدىن ئۆزگىچە بولغان خىزمەت نەتىجىسىنى يارىتىش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاش ۋە كېڭەيتىش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭ جەڭگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىغىن ئالاھىدە تەشۋىق قىلىنىپ، ھەممە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىلھام بېرىلگەن.

**3-مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەشۋىق قىلىندى.**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تېپىلىشىدىن ھازىرغىچە ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى مۇھىم كاپالەت بولۇپ كەلدى. قاراماي 1-قۇدۇقنى قېزىشقا قاتناشقان 36 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلار خۇددى ئىناق ئاكا-ئۇكىلاردەك بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجە ياراتتى. بۇ نەتىجىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مول مېۋىسى بولدى.

بىرلەشمە چوڭ جەڭ باشلانغاندىن ھازىرغىچە، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەۋەسىدە باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر

كۆرەش قىلىنماقتا.

5-قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش.

گېزىتچىلىكتە قوشۇن قۇرۇلۇشى مۇھىم. قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ قانداق بولۇشى گېزىتنىڭ سۈپىتى ۋە ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش.

«شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرى گېزىتى» چىقىرىلىشقا باشلىغاندا ئۇيغۇرچە گۇرۇپپىدا ئاران ئىككى كىشى بولغان. دېمەك ئاساسى قېيىنچىلىق بىرىنچىدىن ئادەم ئاز، ئىككىنچىدىن، گېزىتچىلىك كەسپىنى بىلمەيمىز، ئۈچىنچىدىن، باسما زاۋۇت يوق، تۆتىنچىدىن، قاتناش قولايسىز، بەشىنچىدىن ماقالە مەنبەئى ئاساسەن تەرجىمىگە يۆلىنىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك ماقالىسى يوق دېيەرلىك بولغان.

پارتكوم بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بېرىپ بىز تەلەپ قىلغان كىشىلەرنى تېزلىكتە يۆتكەپ بەردى، مەسىلەن: «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىرى زەينىدىن سالىيوۋ، مايتاغدىن توختى قاسىم، تەرجىمانلار ئىشخانىسىدىن ۋاڭ چۈڭخۇا، ئىزىز ئابدۇرېيىم، روزى قادىر، قوغداش باشقارمىسىدىن ئالماس ئالماس، تەشكىلات بۆلۈمىدىن فەنشاڭلونى يۆتكەپ بەردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلاردىن ئىدارىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلەردىن مەرۇپ غوپۇر، توختى سىلىملارنى تەقسىم قىلىپ بەردى، قوشۇن تەدرىجى زورايدى، شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە تەھرىر گۇرۇپپىسى، مۇخبىرلار گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى، قاراماي، مايتاغدا مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇلدى.

ئادەم كۆپەيگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن كەسىپ ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن گېزىتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، باھالاش يولىغا قويۇلۇپ گېزىت سۈپىتى تەدرىجى

بارلىققا كەلگەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر-سەنئەتلەرنىمۇ تەدرىجى تونۇشتۇردۇق. بۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ نېفىت ۋە نېفىت كەسپىنى تونۇشى، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئىرادىسىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلىشقا ئىلھام بەردى.

1957-يىلى 7-ئايدا «خەلق گېزىتى» نىڭ 1-بېتىدە «قارامايدىن يەنە خوش خەۋەر كەلدى»، «بۇرغىلاپ تاماملانغان ھەم نېفىت سىناشتىن ئۆتكەن چارلاش قۇدۇقلىرىنىڭ يەتتىسىدىن تەبىئىي نېفىت فونتانلاپ چىقتى. بىر قۇدۇقتىن سانائەت قىممىتىگە ئىگە گاز چىقتى، ئېلىشقا بولىدىغان تەبىئىي نېفىت زاپىسى مىقدارى بۇلتۇرقى ئېنىقلانغان ئاساستا 50% ئاشتى» دەپ خەۋەر بېرىلگەن.

قاراماي چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈشتە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تېپىلىشى بۇنداق تېز تەرەققىي قىلىشى جۇڭگو نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوشۇلغان چوڭ تۆھپە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدې 1958-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە قاراماي مايتاغ كان رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، قاراماي رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ: «نېفىتلىكنى قۇرغۇچىلار ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدىلا قاقاس چۆللۈكتە 40 مىڭغا يېقىن ئاھالىلىك نېفىت شەھىرى قۇرۇپ چىقىپتۇ. بۇ ئىنتايىن زور مۆۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مۆجىزە» دەپ مەدھىيىلىگەن ھەم «20 مىڭ قۇدۇق قېزىپ 20 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىڭلار!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. ھازىرمۇ مانا شۇ نىشان ئۈچۈن

ۋاقىتتىكى بىر قىسىم تېخنىك خادىملار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوبۇل قىلالايدىغان ئاتالغۇلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغان.

ئاز سانلىق مىللەت مۇخبىرلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قاراماي، مايتاغ كان رايونلىرىغا قۇرۇلغان مۇخبىرلار پونكىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ مىللىي مۇخبىرلارنى تەشكىللەش، ئۇلارغا كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەش، ئۆزلىرىمۇ ماقالە يېزىش، باشقىلارغا ماقالە يازدۇرۇش ئارقىلىق مىللىي مۇخبىرلارنىڭ ماقالىلىرىنى كۆپەيتكەن. بۇ خىل خەۋەر، ماقالىلەر بەزىدە كۆپىيىپ 25%دىن 30%گىچە بولغان.

گېزىت چىقىرىش جەريانى قوشۇن تەربىيىلەش جەريانى شۇنداقلا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بىرلەشمە چوڭ جەڭگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش جەريانى بولدى.

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نەشىر قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردىن بەزى ئەسلىمىلىرىم. تولۇق بولمىغان ياكى خاتا بولۇپ قالغان جايلارنى بىللە ئىشلىگەن سەبداشلارنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(1995-يىل 11-ئايدا يېزىلغان)

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئابدۇخالىق داۋۇت، ئەر، ئۇيغۇر، 1933-يىلى 12-ئايدا ئاتۇش شەھىرىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1947-يىلىدىن 1951-يىلى 3-ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن پەيزىۋات ناھىيىسىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى

ئۆستۇرۇلدى. مۇھىم تېخنىكا ماتېرىياللىرى شۇ ساھەدىكى تېخنىك كادىرلار ياكى ئىنژېنېرلارغا كۆرسۇتۇلۇپ تەھرىرلەندى، مۇھىم ماقالىلار تەھرىر ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى رەھبىرى كادىرلارنىڭ كۆرۈپ بېكىتىپ بېرىشىگە سۇنۇلدى. ئادەتتىكى تەھرىرلىك ئىشلىرىغا بولۇپمۇ گېزىتتىنىڭ بەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات، شېئىرلارنى تەھرىرلەش، تەرجىمە ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش ئىشلىرىغا يولداش زەينىدىن سالىيوۋ مەسئۇل، تەرجىمە ئىشلىرىغا يولداش ئابلىز قاسىم مەسئۇل، مۇخبىرلىق ئىشلىرىغا دەسلەپ ئالماس، كېيىنچە توختى سلىم مەسئۇل، ماقالىلارنى تىزىملاش، مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا مەرۇپ غوپۇر مەسئۇل بولغان. شۇنداق قىلىپ گېزىت چىقىرىش تەدرىجى ھالدا ئىزىغا چۈشكەن. فەنشاڭلۇ ئۇيغۇرچە ماقالىلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلاتتى.

گېزىت چىقىرىشقا باشلىغاندا يولۇققان يەنە بىر قىيىنچىلىق يەر ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى، تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: قارامايىنى ھە دېگەندە «كونا قاراماي» ، «قارامايتاغ» دەپ ئاتاش بولدى. 1956-يىلى 5-ئايغا كەلگەندە ئاندىن قاراماي دېگەن ئىسىم بىردەك قوللىنىلدى. مەسىلەن، «شەيتان كېرىش» دېگەن يەر نامى «شامال شەھىرى» ، «ئالۋاستى شەھىرى» دېيىلدى. (خەنزۇچە فېڭ چېڭ، موگۇيچېڭ دېيىلەتتى) كېيىن تەكشۇرۇش ئارقىلىق شەيتان كېرىش ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تېخنىكا ئاتالغۇلارغا كەلسەك، روسچە قوللىنىش كېرەكمۇ؟ خەنزۇچە ئاتاش كېرەكمۇ؟ بۇ بىر مەسىلە بولغان ئىدى. سەۋەبى مىللى يولداشلار سېختا تېخنىكا ئاتالغۇلارنى روسچە ئاتايتتى. خەنزۇ يولداشلار خەنزۇچە ئاتايتتى. بۇ خىل قىيىنچىلىقنى شۇ

# 40-يىللاردىكى جۇڭگو-سوۋېت مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ ئېچىش سۆھبىتىگە دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما

ۋاڭ لىيەنفاڭ توپلىغان

ئىزاھات: 1. بۇ تاللانمىغا پەقەت جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ئەسلى مەزمۇنى بويىچە كىرگۈزۈلدى؛

2. كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ تاللانما بەش قىسىمغا بۆلۈندى: بىرىنچى، سۆھبەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كېلىشىم؛ ئىككىنچى، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىرلىشىپ ئېچىش كېلىشىمىنىڭ لايىھىسى؛ ئۈچىنچى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت تەرەپنىڭ كېلىشىم لايىھىسىنى قاراپ چىقىش پىكرى؛ تۆتىنچى، سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى؛ بەشىنچى، سۆھبەت توختىتىلغاندىن كېيىن.

(ئىلاۋە: بۇ ئىككى سانغا بۆلۈنۈپ، بۇ ساندا 1-، 2-، 3-قىسىملىرى ئېلان قىلىندى)

تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەركىتىگە قاتناشقان. 1954-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1955-يىلىدىن 1960-يىلىغىچە نېفىت باشقۇرۇش ئىدارە پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»دە ئىش بېجىرگۈچى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1960-يىلىدىن 1965-يىلىغىچە مەركىزى كومىتېت ئالى پارتىيە مەكتىپى نەزەرىيە سىنىپىدە ئوقۇغان. 1971-يىلىدىن 1973-يىلىغىچە نېفىت ئېلىش 1-زاۋۇت پارتىيە كومىتېتىدا مۇئاۋىن شۇجى، 1973-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە ئىدارە پارتكوم سىياسى بۆلۈمىدە مۇئاۋىن مۇدىر، قوشۇمچە ئىدارە ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1984-يىلىدىن 1991-يىلىغىچە ئىدارە، پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا مۇئاۋىن شۇجى، 1991-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە قاراماي شەھەرلىك سىياسي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگان (رايونلۇق) پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەتى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسي كېڭەش 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ قاراماي شەھەر ئىدارىنىڭ 5-، 6-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغان. ئالى دەرىجىلىك ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئۇنۋانىغا ئىگە.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مېنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدۇردى، شۇڭا بۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرمەي بولمىدى. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارگە تامامەن قوشۇلىمەن. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولغاچقا، بۇ كارخانىنى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باشقۇرغىنى مۇۋاپىق، شۇڭا ئۇشبۇ جاۋابنى يازدىم.

. . .

2. مولوتوۋنىڭ شېڭ شىسەيگە يازغان جاۋاب ئالاقىسى (1942-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى)

. . . 7-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى «مايتاغ نېفىت كومبىناتى» مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالاقىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جانابلىرىنىڭ ئالاقىسىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن «مايتاغ نېفىت كومبىناتى»نى باشقۇرۇشقا ئىككى تەرەپ يەنى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قاتناشسا بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، . . . .

3. مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىغا يوللىغان مېمۇراندومى (1942-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى)

. . . جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ

## I . سۆھبەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كېلىشىم

**1. شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىسى قوشۇمچە رەئىسى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىنىڭ باشلىقى مولوتوۋغا يوللىغان ئالاقىسى (1942-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى)**

. . . سىلەرنىڭ 1942-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن مايتاغ نېفىت كېنى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم، مەن بۇ ئىشنىڭ ھەممە تەپسىلاتىنى سىلەرگە دوكلات قىلىشنى خالايمەن.

جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە مايتاغنىڭ نېفىت چىقىش ئەھۋالىدىن خېلى بۇرۇنلا ۋاقىپ بولغان ھەمدە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىساد مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋنى شىنجاڭغا كېلىپ كېڭىشىشكە ئەۋەتتى. پۈتۈن دۇنيا بويىچە فاشىزىمغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئىنتايىن جاپالىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە مايتاغ نېفىت كېنى يالغۇز جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا فاشىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە،

ئۈمىد قىلىمىز.

5. مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا جاۋابەن يوللىغان مېمورانۇدومى (1942-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى)

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ ئېچىش توغرىسىدا كېلىشكەن توختام ئىشىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ بۇ يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى مېمورانۇدومى تارقىلىق ۋاقىپلاندۇق. ھازىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سودىغا مەسئۇل ئورگانغا يوللىدى، مۇۋاپىق تاپقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ قەرەل بەلگىلەپ يىغىن ئېچىپ كېڭىشىشكە سۇنىدۇ.

## Ⅱ. جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىرلىشىپ ئېچىش كېلىشىمىنىڭ لايىھىسى

1. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك فېدىراتىۋ ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىمى» (لايىھە)

نېفىت كېنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ ئېچىشنى قاراز قىلدى، توختامنى بالدۇرراق ئىمزالاپ، مەبلەغ سېلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن جۇڭگودا سۆھبەت ئېلىپ بارماقچى بولدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىدىن يۇقىرىدىكى قارارىمىز بويىچە تېلېگراممىا بېرىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى مەسئۇل خادىم ئەۋەتىپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە مەسئۇل ئورگانلاردىن ئەۋەتىلگەن خادىملار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جاۋاب قايتۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

## 4. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە جاۋابەن يوللىغان مېمۇراندومى (1942-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى)

. . . سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ ئېچىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى باياناتىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلى پەن يۇشىن بىلەن سودا ئىشلىرى ۋەكىلى باكولىنغا جۇڭگودا جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە مەسئۇل ئورگانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇناسىپ جاۋاب بېرىشكە ھوقۇق بەردى، شۇ بويىچە بولۇشنى

توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ نېفىت كومبىناتىغا سالىدىغان مۇقىم كاپىتال ۋە ئوبوروت كاپىتالى نىسبەت بويىچە بولىدۇ.

3-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۈچ يىللىق قەرز پۇل بېرىش ۋاقتى 1942-يىلى 4-ئايدىن 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە بولۇپ، 1942-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇشقا كەتكەن چىقىمنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى تۆردىكى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ھېسابلىنىدىغان قەرز پۇل يىغىندىسى توختام ئىمزالىغاندا، 1942-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇشقا كېتەرلىك چىقىمنىڭ ئەمەلىي قىممىتى 50% بولىدۇ، قەرز پۇل تۆۋەندىكى قەرەلدە ئامېرىكا دوللىرى بويىچە تۆلىنىدۇ، يەنى: 1942-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنى، 1943-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى، 1944-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋە 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۆلەيدىغان قەرز پۇلنىڭ قالدۇق سانىغا ئامېرىكا دوللىرى بويىچە 4.5% يىللىق ئۆسۈم تۆلىنىدۇ، يۇقىرىدىكى ئۆسۈم، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تۆلەيدىغان قەرز پۇل بىلەن بىرلىكتە قايتۇرۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۆلەيدىغان قەرز پۇل بىلەن بۇنىڭ ئۆسۈمى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن بانكىغا پېرېۋوت قىلىنىدۇ.

4-ماددا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۆلەيدىغان قەرز پۇل ۋە قەرز پۇل ئۆسۈمى شۇنداقلا نېفىت كومبىناتىغا سوۋېت

(1942-يىلى 4-ئايدا سۈنۈلغان)

سوۋېت سوتسىيالىستىك ھۆكۈمىتى تەرەپ ×××× نى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەرەپ ××××نى ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ مايتاغ رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرغان نېفىت كومبىناتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسى، شۇنداقلا كارخانا ئىگىلىكى ۋە بۇنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكىلەر ئالاھىدە بېكىتىلدى:

1-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مايتاغ رايونىدا نېفىت كومبىناتى جۈملىدىن نېفىت كېنى ۋە يىلىغا 50000 توننا خام نېفىت پىششىقلىيالايدىغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇپ، توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپتىن تەشكىللەنگەن سوۋېت-شىنجاڭ بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان مايتاغ نېفىت كومبىناتى شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايدۇ، شەرتلىرى مۇشۇ كېلىشىمدە بەلگىلىنىدۇ.

2-ماددا كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلغان چىقىمى، قۇرۇلۇش قىممىتىنىڭ 50%گە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇل چىقىم قىلىدۇ.

نېفىت كومبىناتىنىڭ رېمونت قىممىتى، نېفىت كېنى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ مۇشۇ تۈردىكى قۇرۇلۇشقا سەرپ قىلغان ئەمەلىي چىقىمنىڭ يىغىندىسى ئامېرىكا دوللىرى (ھەر بىر ئامېرىكا دوللىرى 0. 8886708 گرام ساپ ئالتۇنغا باراۋەر كېلىدۇ) بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

زۇۋېلىشقا دائىر ئىشلارنى بېجىرىدۇ ھەمدە بۇ كېلىشىم
ئىمزالىنىپ بىر ئاي ئىچىدە تۇرلۇك تەييارلاشقا تېگىشلىك
ئىسپاتنامىلارنى تەييارلاش تاماملىنىدۇ.

6-ماددا مايتاغ نېفىت كومبىناتىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن
قۇرۇلغان سوۋېت-شىنجاڭ «مايتاغ نېفىت كومبىناتى» بىرلەشمە
مەبلەغ شىركىتى تەڭ نىسبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى
ياكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قارايدۇ.

7-ماددا مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ دىرېكتورلىقىنى بىر
كىشى ئۆتەيدۇ، مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ بىر دىرېكتورى ۋە
بىر باش ئىنژېنېرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائىتى خەلق
كومىتېتى تەيىنلەيدۇ.

مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ بىر مۇئاۋىن دىرېكتورىنى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ.

8-ماددا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكىلەرگە
مەسئۇل بولىدۇ.

ئا، مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا توسالغۇسىز، بەدەلسىز
ۋاقتىدا يەر ئاجرىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

1) ئۆلچەش-سىزىش خىزمىتى ۋە گېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن.

2) تەكشۈرۈش ۋە سانائەتتە نېفىت ئېلىشتا پايدىلىنىش
ئۈچۈن.

3) نېفىت كومبىناتىنى ئېھتىياجلىق قۇرۇلۇش ۋە
تىجارەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ھەم يەرلىكتىن ئالىدىغان ۋە
قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ياسىغاندىكى ئورۇن بىلەن تەمىن ئېتىش

ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۆسۈمگە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن مال سېتىۋېلىشقا هوقۇقلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالتۇن، چارۋا مال (ئات، كالا، قوي) چىقارسا بۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ئېكسپورت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى ۋەكالەتلىك ئورنى هەر قېتىملىق شەمسىيە يىلىنىڭ بېشىدا مۇشۇ ماددىنىڭ 1-پاراگرافىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئالتۇن، ئات، كالا، قوي ۋە يۇڭ سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالتۇن، ئات، كالا، قوي ۋە يۇڭنى ۋاقتى قەرەلى ۋە سانى بويىچە بېكىتىلگەن باهادا سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىگە توسالغۇسىز تاپشۇرىدۇ.

ئا، ئالتۇن: شۇ كۈنلۈك نيۇيورك بازىرىدىكى باهاسى بويىچە تۆلىنىدۇ، ئالتۇننى نيۇيوركقا توشۇش هەققى تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

ب، كالا، قوي ۋە يۇڭ: كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە هۆججىتىدە بەلگىلەنگەن باها بويىچە هېسابلىنىدۇ.

س، ئات: هەر قېتىملىق ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقىتلىق بېكىتىلگەن باهاسى بويىچە هېسابلىنىدۇ.

5-ماددىدا نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نېفىت كومبىناتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ بىر نەپەردىن تولۇق هوقۇقلۇق ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈ-

بىلەن چەكلىنىدۇ.

نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ چېگراسىدىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئورگانلىرى ۋە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم-بېرىم ھېساباتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا بانكىسى باش مالىيە بوغالتىرلىق باشقارمىسى بېجىرىدۇ.

11-ماددا مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا كېرەكلىك ماشىنىلارنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىنلا سېتىۋالىدۇ.

12-ماددا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆز قىممىتى ۋە ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بەلگىلەنگەن پىرسەنتلىك قوشۇمچە سانى بويىچە مايتاغ نېفىت كومبىناتى ئىشلەپچىقارغان بېنزىن، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋالىدۇ.

مايتاغ نېفىت كومبىناتى ئىشلىگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قالغان يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوخشاش باھا بويىچە سېتىۋالىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىن سېتىۋالغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقارغاندا تاموژنا بېجى ۋە باشقا باج-سېلىقلار ھازىر ياكى بۇندىن كېيىنمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ۋە تەشكىلاتلىرى مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىن سېتىۋالغان ۋە شىنجاڭ بازارلىرىدا ساتىدىغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى سودا (تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكە بازىرىدا

ئۇچۇن.

ب، نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى (پىششىق خىش، قۇم-شېغىل، ياغاچ، هاك قاتارلىقلار) ئەمگەك كۈچى ۋە توشۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن كاپالەتلەندۈرىدۇ.

س، ئومۇمەن نېفىت كومبىناتىغا ئېهتىياجلىق ماشىنا، ماتېرىياللارنى شىنجاڭغا توشۇغاندا تاموژنا بېجى ۋە هەر قانداق سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، شۇنداقلا مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ كىرىم ئۆسۈمى ۋە مۈلكىدىن هازىر ياكى كېيىنمۇ ئالىدىغان هەر خىل باج-سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

9-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مەزگىلىدە تۆۋەندىكىلەرنى يولغا قويىدۇ:

ئا، نېفىت كېنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كارخانىلارنى لايىهەلەش ئىشلىرى.

ب، تېخنىكا جەهەتتە مەسلىهەت بېرىش ۋە باشقا تېخنىكا هەمكارلىق ئىشلىرى.

س، مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا ماس مىقداردىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى تەمىن قىلىش ئىشلىرى.

د، شۇ يەردىن بەلگىلىك مىقداردىكى ئىشچىلار كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى.

10-ماددا لايىهەلەش خىزمىتىگە تېخنىكا جەهەتتىن مەسلىهەت بېرىش ۋە باشقا تېخنىكا هەمكارلىقى چىقىملىرىنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئامېرىكا دوللىرى

خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە يىل ئاخىرىدىكى دوكلاتنامىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى قۇرىدۇ، ۋەكىللەر ئىككى كىشىدىن تەشكىل قىلىنىپ، ھەربىر تەرەپتىن بىردىن ۋەكىل ئەۋەتىدۇ.

17-ماددا مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ ساپ پايدىسىنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھەر يىللىق دوكلاتنامىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، كېلىشىم ئىمزالىغان ئىككى تەرەپ تەڭ تەقسىم قىلىشىدۇ.

18-ماددا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ قەرەلى 25 يىل بولىدۇ، قەرەلى توشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلغان چىقىمنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالسا ۋە مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا داۋاملىق بىر قىسىم مەبلەغ سالسا بولىدۇ.

ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش باھاسى مايتاغ نېفىت كومبىناتىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش ئەمەلىي قىممىتىنىڭ 50% تى. بويىچە ئامېرىكا دوللىرى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ سانى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كومبىناتىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلغان ئەمەلىي چىقىمدىن ۋە داۋاملىق مەبلەغ سالىدىغان ئاساسىي كاپىتال ھەم كۆچمە مەبلەغدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى تاماملانغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سوۋېت-شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتى بىرلەشمە

سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىشقا تېگىشلىك باج-سېلىقتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

13-ماددا نېفىت كومبىناتى بازىسىدا ئەمەلىي قۇرۇلۇش باشلانغان، قۇرۇلۇش تاماملانغان ۋە دائىملىق تىجارەت باشلانغىچە بولغان مەزگىلدە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن سېتىلغىنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كىرىمىگە كىرگۈزىلىدۇ.

ئەگەر نېفىت كېنىدىن ئېلىنغان خام نېفىت نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئاشقان نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن مەخسۇس قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

14-ماددا نېفىت كومبىناتىنىڭ مال-مۈلۈك سۈغۇرتىسى زاۋۇت ۋە نېفىت كېنىنىڭ مۈلكى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا توشۇلىۋاتقان يول ئۈستىدىكى مۈلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك سۇغۇرتا ئىدارىسىغا رەسمىيەت بېجىرىدۇ.

15-ماددا كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ يول ئۈستىدىكى ۋە مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا توشۇلغان مال (ماتېرىيال ۋە ماشىنا) شۇنداقلا نېفىت كومبىناتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر قوغداش ئىشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى قوغداش ئەترىتى ئەۋەتىپ بېجىرىدۇ.

16-ماددا مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ

ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتىنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ 12-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىن نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا نېفىت كومبىناتى مەھسۇلاتىنىڭ ئۆز قىممىتى ۋە ئۇنىڭغا 20%لىك قوشۇلما قىممىتى بويىچە سېتىۋېلىشى لازىم.

نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئۆز قىممىتىگە قوشۇلىدىغان پايدىسىنىڭ پىرسەنتىنى ئەگەر كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ قوشۇلسا، كېيىنچە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

## 2. مىللىي ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو-سوۋېت شىنجاڭنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىم لايىھىسى» (1942-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى)

جۇڭخۇا مىنگو مىللىي ھۆكۈمىتى جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسى شىخو ناھىيىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ كانچىلىق قانۇنى بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كان ھوقۇقى تەسىس قىلىپ ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبىئى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى. بايلىق مەنبىئى كومىتېتى جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسەن، سوۋېت سوتسىيالىستىك فېدراتىۋ جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇپ بۇ كاننىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ئايرىش قاتارلىق ئالاقىدار ئىشلارنى

شىركىتىدىكى پىيىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالمىغاندا مەزكۇر كېلىشىم بەش يىلغىچە داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق بەش يىل قەرەل توشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەگەر يۇقىرىدىكى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىرمىسە، مەزكۇر كېلىشىم يەنە داۋاملىق بەش يىل ئىناۋەتلىك بولىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئانالوگىيە بويىچە كېتىۋېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت-شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتى بىرلەشمە شىركىتىدىكى پىيىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشتا چەت ئەل مالىيىسىدىن ياردەم سوراشقا بولمايدۇ ھەمدە ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ياكى بىر قىسمىنى ھەر قانداق 3-دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىگە ياكى تەشكىلاتلىرىغا سېتىشقا ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ.

19-ماددا مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان ھامان دەرھال كۈچكە ئىگە بولۇپ، قايتا تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ھاجەتسىز.

## 2-قوشۇمچە ھۆججەت

1942-يىلى ×-ئاينىڭ ×-كۈنىدىكى ئالاقىدىن ۋاقىپ بولدۇق، مەزمۇنى مۇنداق:

كېلىشىم ئىمزالىغان ئىككى تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى

تەرەپ ئادىل باھاغا سۇندۇرىدۇ، كەم قىسمى ئۇچۇن جۇڭگو پۇلى ياكى 2-ماددىدا بەلگىلەنگەن پۇل قىممىتى بويىچە ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇلۇپ تاپشۇرىدۇ.

6-ماددا شىركەتتە مۇدىرىيەت تەسىس قىلىنىپ، شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، مۇدىرىيەت يەتتە كىشىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن تۆت كىشىنى بايلىق كومىتېتى ئەۋەتىدۇ، ئۈچ كىشىنى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى ئەۋەتىدۇ، مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا بايلىق كومىتېتى ئەۋەتكەن مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

7-ماددا شىركەتتە ئىككى مەمۇرىي تەپتىش تەسىس قىلىنىپ، بايلىق كومىتېتى ۋە نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ.

8-ماددا شىركەتتە باش دىرېكتور، ياردەمچى دىرېكتور تەسىس قىلىنىپ، مۇدىرىيەت تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. باش دىرېكتور جۇڭگو خەلقىدىن، ياردەمچى دىرېكتور سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىدىن بولىدۇ.

9-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىركەت باھاسى بويىچە شىركەتتە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالايدۇ، لېكىن سېتىۋالىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار مىقدارى كۆپ بولغاندىمۇ 49 پىرسەنتدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەمما ئالاھىدە ئېھتىياج تۇپەيلىدىن بۇ چەكتىن ئاشۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭىشىپ ماقۇللىقىنى ئېلىش لازىم، باشقا شەرتلەرنى ئىككى تەرەپ

بېجىرىدۇ، ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى تۈزۈەندىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدى:

1-ماددا شىركەتنىڭ نامى مايتاغ نېفىت كېنى ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى دەپ ئاتىلىدۇ، جۇڭگو ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نىزاملىرىغا ئاساسەن تەشكىللىنىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇش مەزكۇر كاندا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ئايرىش ئىشلىرىنى مەقسەت قىلىدۇ.

2-ماددا شىركەتنىڭ كاپىتالى جۇڭگو پۇلى ________ يۈەن بولۇپ، ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرغاندا ________ دوللار، ھەربىر دوللار 0.8886708 گرام ساپ ئالتۇنغا باراۋەر بولىدۇ.

3-ماددا شىركەت كاپىتالىنىڭ 51 پىرسەنتىنى بايلىق كومىتېتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تاپشۇرىدۇ. 49 پىرسەنتىنى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن تاپشۇرىدۇ.

4-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كاپىتالغا شىركەتكە ئېھتىياجلىق ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلۈپ ئىككى تەرەپ ئادىل باھاغا سۇندۇرىدۇ، كەم قىسمىغا ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرىدۇ، ئەگەر ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كاپىتالنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇق قىسمىغا شىركەت ئامېرىكا دوللىرى تۆلەيدۇ.

5-ماددا ئۈچىنچى ماددىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كاپىتالغا، شىركەتكە ئېھتىياجلىق يەر، قۇرۇلۇش ياكى باشقا يەرلىك ئەسۋاب-ماتېرىياللار كىرگۈزۈلۈپ، ئىككى

ئوتتۇرىغا قويۇلغان)

1ـ ماددا بۇ شىركەت ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نىزامى ۋە جۇڭگو-سوۋېت بىرلىشىپ شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىش كېلىشىمىگە ئاساسەن مايتاغ نېفىت كېنى ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

2ـ ماددا بۇ شىركەت جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسى شىخو ناھىيىسى مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش-ئايرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3ـ ماددا بۇ شىركەت ______ تەسىس قىلىدۇ، ھەمدە كان رايونىدا كان زاۋۇت ______ تەسىس قىلىدۇ.

4ـ ماددا بۇ شىركەتنى ئېلان قىلىش ئۇسۇلى، تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاتاغلىق گېزىتتە ئېلان قىلىنىدۇ.

5ـ ماددا مەزكۇر شىركەتنىڭ كاپىتال ئومۇمىي سوممىسى جۇڭگو پۇلى ______ يۈەن (ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرغاندا ______ دوللار)، ______ پاي، ھەربىر پاي جۇڭگو پۇلى بويىچە ______ يۈەن بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى قېزىلما بايلىق كومىتېتى پاي ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 51 پىرسەنتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى 49 پىرسەنتىنى سېتىۋالىدۇ.

6ـ ماددا مەزكۇر شىركەتنىڭ پېيى بىردەك ئىسىملىك پاي بولۇپ، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، بەش مۇدىر ئىمزا قويۇپ تامغا باسىدۇ.

7ـ ماددا مۇدىرلار دائىمىي يىغىنى ھەر يىللىق نەخ چوتتىن كېيىنكى ئۈچ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئىشلارغا

كېڭەشسپ بېكىتىدۇ.

10-ماددا كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن يەتتە يېرىم يىلدىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىغان ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئالتە ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پېيىنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى چىقىم قىلغان نىسبىتى بويىچە ئامېرىكا دوللىرى تۆلەيدۇ، ياكى ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىقى ئارقىلىق ئورنىغا يېزا ئىگىلىك كان مەھسۇلاتلىرىنى تۆلەيدۇ.

11-ماددا شىركەت جۇڭگو قانۇنى بويىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تىزىملىتىلىشى لازىم.

12-ماددا شىركەت جۇڭگو يولغا قويۇۋاتقان بارلىق قانۇن، پەرمان ۋە نىزاملارغا ئەمەل قىلىشى لازىم.

13-ماددا شىركەت مەزكۇر كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (ئا) دا كۆرسىتىلگەن تەشكىلىي نىزاملىرىنى شىركەتنىڭ تەشكىلىي نىزامى قىلىدۇ.

14-ماددا مەزكۇر كېلىشىم ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

15-ماددا مەزكۇر كېلىشىم خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، روسچە ھەربىرى ئىككى نۇسخىدىن بولىدۇ، ئەگەر گۇمان بار دەپ قارالسا ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

**3. مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «مايتاغ نېفىت كېنى ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نىزام لايىھىسى» (1942-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى**

بېكىتىدۇ.

6) شىركەتنىڭ كەسپىي پىلانى ۋە خام چوتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

7) شىركەتنىڭ تىجارەت نەق چوتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

8) شىركەتنىڭ پايدا-زىيان تەقسىماتى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات ۋە پاراۋانلىق پۇلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

9) شىركەتنىڭ باشقا مۇھىم ئالاقىدار ئىشلىرى قاراپ چىقىلىدۇ.

13-ماددا مەمۇرىي تەپتىشلەرنىڭ خىزمەت ھوقۇقى شىركەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) يىللىق نەق چوت پىلانى قاراپ چىقىپ بېكىتىلىدۇ.

2) مەمۇرىي تەپتىشلىك كەسپىي يولغا قويۇلىدۇ.

3) شىركەتنىڭ مالىيىسى، ھېساباتى ۋە دەپتەرلىرى مەمۇرىي تەپتىش قىلىنىدۇ.

4) باش دىرېكتورنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا قانۇن-نىزاملار ۋە پايچىكلار كېڭىشى بىلەن مۇدىرىيەتنىڭ قارارلىرىغا ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقى مەمۇرىي تەپتىش قىلىنىدۇ.

14-ماددا شىركەتتە بىر باش دىرېكتور ۋە بىر ياردەمچى دىرېكتور تەسىس قىلىنىپ، مۇدىرىيەت تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىدۇ.

15-ماددا باش دىرېكتور مۇدىرىيەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە

يولۇقۇپ ۋاقىتلىق يىغىن ئېچىشقا توغرا كەلسە، مۇدىرىيەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يىغىن چاقىرىدۇ.

8-ماددا پايچىكلار يىغىنىنىڭ تەرتىپى مۇدىرىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

9-ماددا شىركەتتە يەتتە مۇدىر، ئىككى مەمۇرىي تەپتىش تەسىس قىلىنىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى قېزىلما بايلىق كومىتېتى تۆت مۇدىر، بىر مەمۇرىي تەپتىش بەلگىلەيدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى ئۈچ مۇدىر، بىر مەمۇرىي تەپتىش بەلگىلەيدۇ.

10-ماددا مۇدىر ۋە مەمۇرىي تەپتىشلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ، داۋاملىق سايلانسا داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

11-ماددا مۇدىرىيەت ھەر قايسى مۇدىرلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى قېزىلما بايلىق كومىتېتى ئەۋەتكەن مۇدىرلاردىن بىرىنى باش مۇدىرلىققا تەيىنلەيدۇ.

12-ماددا مۇدىرىيەتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى تۆۋەندىكىچە:

1) پايچىكلار كېڭىشىنىڭ لايىھىسىنى ئىجرا قىلىدۇ.

2) پايچىكلار يىغىنىنى چاقىرىدۇ.

3) پايچىكلار كېڭىشى سۇنغان تۈرلۈك دوكلات ۋە قارارلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

4) باش دىرېكتور ۋە ياردەمچى دىرېكتورلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ.

5) شىركەتنىڭ تۈرلۈك مۇھىم نىزاملىرىنى تەكشۈرۈپ

پىرسەنتى پايچىكلار دارامىتى، ئۇندىن تۆت پىرسەنتى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات پۇلى ۋە پاراۋانلىق فوندى قىلىنىدۇ، بۇ مۇكاپات پۇلى ۋە پاراۋانلىق فوندىنى تەقسىملەشنى مۇدىرىيەت قارار قىلىدۇ.

پايدا-ئېشىنچا بولمىغاندا پاينىڭ دىرىنى پاي ئۆسۈمى ئورنىدا چىقىم قىلىشقا بولمايدۇ.

20-ماددا مەزكۇر نىزامدا تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار ئالاھىدە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ نىزامى، شىركەت قانۇنى ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ.

**4. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى فېدىراتىپ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېلىشىمى» (لايىھە) (1943-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان)**

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى فېدىراتىپ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو مىللىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنىنى بىرلىكتە ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكى ماددىلارنى كېڭىشىپ بېكىتتى:

1-ماددا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى فېدىراتىپ ھۆكۈمىتى كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مايتاغ دېگەن يېرىدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش

شىركەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدۇ، ھەمدە قارمىقىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ، ياردەمچى دىرېكتور باش دىرېكتورنىڭ كەسپىي ئىشلارنى بېجىرىشىگە ياردەملىشىدۇ.

16-ماددا شىركەتنىڭ بىر قىسىم خىزمەتچىلىرىنى باش دىرېكتور ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىدۇ ياكى سەپلەيدۇ.

17-ماددا باش دىرېكتور تىجارەت يىلى باشلىنىشتىن ئىلگىرى شۇ يىللىق تىجارەت پىلانى ۋە خام چوتىنى تۈزۈپ، مۇدىرىيەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى شەرت.

18-ماددا باش دىرېكتور ھەر نۆۋەت يىل ئاخىرلاشقاندا، تىجارەت دوكلاتنامىسى، مۈلۈك قەرزدارلىق جەدۋىلى، پايدا-زىيان ھېساباتنامىسى، مۈلۈك مۇندەرىجىسى، پايدا-ئېشىنچا تەقسىمات لايىھىسىنى تەييارلاپ، مۇدىرىيەتنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ. مەمۇرىي تەپتىشلەر قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن پايچىكلارغا دوكلات قىلىدۇ.

19-ماددا شىركەتنىڭ ھەر يىللىق ساپ پايدىسى تۆۋەندىكىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

1) ئۇندىن بىر قىسمى جامائەت فوندىغا ئاجرىتىلىدۇ.

2) ئەگەر ئېشىنچا بار بولسا، ھەر بىر پايغا ھەپتىلىك ئۆسۈم بويىچە تۆت لى ئۆسۈم قوشۇلىدۇ، ئۆسۈم قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئېشىنچا بولسا، مۇدىرىيەتنىڭ ماقۇللىشى ئارقىلىق ئالاھىدە جامائەت فوندى ئاجرىتىلىدۇ، ئاجرىتىلغان جامائەت فوندى مەزكۇر ئېشىنچىنىڭ ئوندىن ئۈچ پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر يەنە ئېشىنچا بولسا، ئوندىن ئالتە

دوللار 0.8886708 گرام ساپ ئالتۇنغا باراۋەر بولىدۇ. كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى دۆلەتكە مەزكۇر شىركەتنىڭ مۇقىم مەبلىغى ۋە كۆچمە مەبلىغىمۇ يۇقىرىدىكى 1-تارماقتا كۆرسىتىلگەن نىسبەت بويىچە باراۋەر چېچىلىدۇ.

4-ماددا جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مەزكۇر كېلىشىمى ئىمزالىنىشتىن بۇرۇنقى سەرپ قىلغان چىقىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆلەيدىغان چىقىمى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك قىسمىغا يەتمىسە (كېلىشىمنىڭ 3-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسى)، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇشۇ كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ، ئىككىنچى يىلى قايتۇرۇپ بولۇش لازىم. ھەمدە كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ، ھەر يېرىم يىلدا ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر سومما بويىچە قايتۇرۇپ بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايتۇرۇپ بولالمىغان پەرقلىق سومما ئۈچۈن 4.5% يىللىق ئۆسۈم تۆلەيدۇ. ئۆسۈم قايتۇرۇش قەرەلى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا سەرپ بولغان بىر قىسىم چىقىملارنى قايتۇرۇش قەرەلىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئۆسۈمنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كۆرسەتكەن بانكىغا پىرېۋوت قىلىدۇ.

5-ماددا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايتۇرغان ئۆسۈم پۇلىغا شىنجاڭ ئۆلكىسى چېگراسى ئىچىدە ئالتۇن ۋە مال-چارۋا (ئات، كالا، قوي) يۆتكەپ سېتىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇشقا ھوقۇقلۇق، ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياكى

ئەسلىھەسى بىلەن يىلىغا 50 مىڭ تونىنا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ تەشكىللىگەن «مايتاغ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى» جۇڭگو-سوۋېت بىرىكمە شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ شىركەت تۆۋەندە قىسقارتىپ «شىركەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

2-ماددا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ 1-ماددىسى بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ مال-مۈلۈك تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن ئىلگىرى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا سەرپ قىلىنغان چىقىملارنى باھالاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ بىردىن ۋەكىل ئەۋەتىدۇ، ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ، كېچىككەندىمۇ بۇ خىزمەتنى بىر ئايدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ئورۇندىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئىمزالايدۇ، ھۆججەتلەر ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى «شىركەت» ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ.

3-ماددا ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىقى ئارقىلىق كېلىشىم ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئەمەلىي كەتكەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 50%نى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تۆلەيدۇ، 50%نى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۆلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى كەتكەن ئومۇمىي چىقىملار ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كېلىشىمدە ئېيتىلغان ئامېرىكا دوللىرى، ھەر بىر

تاپقان بولۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى دۆلەت ئايرىم-ئايرىم ئۈچتىن كىشى ئەۋەتىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ. كېڭەش شىركەتنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك تىجارەت يىلىنىڭ كەسپىي پىلانى ۋە ئالدىنقى نۆۋەتلىك بوغالتىر يىلىنىڭ كىرىم-چىقىمى، پايدا-زىيان ھېساباتلىرىنى تەكشۈرىدۇ.

كېڭەش ئاز بولغاندا ئۈچ ئايدا بىر قېتىم يىغىن چاقىرىپ يولغا قويۇۋاتقان لايىھىنى ماقۇللايدۇ. يىغىن ئېچىلغاندا جۇڭگو-سوۋېت ۋەكىللىرى نۆۋەتلىشىپ رەئىسلىك قىلىدۇ، لايىھەنى ماقۇللاشتا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەنلەر بىلەن قارشى تۇرغانلارنىڭ سانى تەڭ بولۇپ قالسا رەئىسنىڭ پىكرى ئاساس قىلىنىدۇ.

كېڭەشنىڭ غەيرى رەسمىي يىغىنلىرى جۇڭگو ياكى سوۋېتتىن ئىبارەت مەلۇم بىر تەرەپنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى رەئىس بولغان ۋەكىل تەرىپىدىن چاقىرىلىدۇ.

شىركەتنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن باش دىرېكتورى شىركەت كېڭىشىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن پۈتۈن ھوقۇقلۇق ھاۋالىسى بويىچە باشقۇرىدۇ، مۇئاۋىن دىرېكتور جۇڭگو تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدۇ.

شىركەتنىڭ باش بوغالتىرىنى سوۋېت تەرەپ تەيىنلەيدۇ، مۇئاۋىن بوغالتىرنى جۇڭگو تەيىنلەيدۇ، ھەر يىلى جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپتىن ئوخشاش سان بويىچە مەمۇرىي تەپتىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ، كىرىم-چىقىم، پايدا-زىيان ھېساباتى تەكشۈرۈلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، جۇڭگو-سوۋېت مەلۇم

شىنجاڭ ھۆكۈمىتىدىن بەلگىلەنگەن ماللار ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئېكسپورت باج-سېلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

ھەر يىلى مىلادىيە 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كېلەر يىل ئىچىدە شىنجاڭ چېگرىسىدىن مۇشۇ ماددىنىڭ 1-تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئالتۇن، مال-چارۋا ۋە قوي يۇڭى سېتىۋېلىپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماللارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئالتۇن، مال-چارۋا، قوي يۇڭى تۆۋەندىكى باھا بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

ئا، ئالتۇننىڭ باھاسى پۇل تاپشۇرۇشتىن بىر كۈن بۇرۇنقى ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان بازار باھاسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن ئالتۇن ئىشلەپچىقارغان جايدىن نيويوركقىچە بولغان توشۇش ھەققى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ب، ئات، كالا، قوي ۋە قوي يۇڭىنىڭ قىممىتىنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

6-ماددا بۇ كېلىشىم بويىچە قۇرۇلغان بۇ «شىركەت» قانۇنىي ئىگە بولۇپ، شىركەتنىڭ بارلىق مال-مۈلكىگە مەسئۇل بولىدۇ. شىركەتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى شىركەتكە بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

7-ماددا شىركەتنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىگە شىركەت كېڭىشى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كېڭەش ئالتە ۋەكىلدىن تەركىپ

سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خەلقتىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل پاراۋانلىق ۋە شەخسى باج-سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ھەمدە شىركەتنىڭ ترانسپورت ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئېلىنىدىغان باجلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئى، شىركەتنىڭ كەسپىي خادىملىرىدىن شىنجاڭ ئۆلكە چېگرىسىغا ئۆتكەن سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خەلق ياكى شۆبە شىركەت، ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ۋاكالەتتىن ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ۋاكالەتلىك باشقارمىدىكى سوۋېت تەۋەلىكىدە بولغان خەلق چېگرىدىن توسالغۇسىز كىرىش ياكى ھەر قايسى جايلارغا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

9-ماددا سوۋېت تەرەپ شىركەتنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ:

ئا، نېفىت كېنى ۋە قارمىقىدىكى تىجارەتنى لايىھىلەش.

ب، تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ۋە باشقا ئىشلارغا ھەمكارلىشىش.

س، كەسىپكە ئېھتىياجلىق خېلى زور ساندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەخسۇس خادىملىرى بىلەن تەمىنلەش.

د، خېلى زور ساندىكى ئىشچىلار ۋە تېخنىكا كادىرلىرىنى شۇ جايدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش.

لايىھىلەش خىزمىتى، تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ۋە باشقا تېخنىكا ھەمكارلىقىغا بېرىلىدىغان ھەقنى شىركەت ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلاپ بېرىدۇ.

10-ماددا شىركەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكى ۋە جۇڭخۇا مىنگو تەۋەلىكىدىكى خەلق بىلەن

تەرەپنىڭ تەلىپى بويىچە خالىغان ۋاقىتتا مەمۇرىي تەپتىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بېجىرىلىدۇ.

شىركەت جۇڭخۇا مىنگو تېررىتورىيىسى ئىچىدە شۆبە شىركەت، ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ۋە ۋەكالەتلىك باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

8-ماددا جۇڭگو تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى:

ئا، گېئولوگىيە ۋە رۇدا بەلگىسىنى ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولغان بۆلەكلەرنى ۋاقىتىدا ئاجرىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ھەمدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېقىلغۇ ئىشلىتىش جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاجرىتىلغان يەرلەرگە ھەق ئالماسلىق.

ب، شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ماتېرىياللار (خىش، قۇم-شېغىل، تاش، ياغاچ، ھاك قاتارلىق) بىلەن تەمىنلەش.

س، شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ئۈسكۈنە، ماتېرىياللارنى ئىجازەتسىز ئەركىن ھالدا شىنجاڭ چېگرىسىغا توشۇشقا توغرا كەلگەندە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بەلگىلىمە بويىچە تاموژنا ۋە باشقا باج-سېلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىشقا، شىركەتنىڭ كىرىم، پايدا، ئېشىنچا ۋە مۈلۈكلىرىدىن ئېلىنىدىغان ھەر قانداق باج-سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

د، شىركەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تىجارەت ئورۇنلىرىدىكى

مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا ئىجازەتنامە ئالماي توشۇپ ئېكسپورت قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكە چېگرىسىدىن ئۆتكۈزگەندە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىمە بويىچە ئېلىشقا تېگىشلىك تاموژنا بېجى ۋە ھەر خىل باج-سېلىقلارنى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئورگىنى ۋە تەشكىلاتلىرى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئەركىن سېتىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئورگىنى ۋە تەشكىلاتلىرى بۇ شىركەتتىن نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا، ساتقاندا ئېلىشقا تېگىشلىك باج-سېلىقلار شىنجاڭ ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى سودا ئورگانلىرىنىڭ ساتقان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىدىغان باج-سېلىق مىقدارىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

15-ماددا ئەگەر شىركەتنىڭ نېفىت كېنىدىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نېفىت ئايرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەندە كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ئىشلەپچىقارغان ئارتۇق نېفىتتىن پايدىلىنىش چارىسىنى ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

16-ماددا قۇرۇلۇش خىزمىتى باشلانغان كۈندىن بۇ كېلىشىم ئىمزالانغان كۈنگىچە ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سوممىسى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى باشقارمىسىنىڭ كىرىم قىلغان پۇلى ياكى سېتىلىپ تېخى ئېلىنمىغان پۇللار بىردەك شىركەتنىڭ كىرىمى ھېسابلىنىدۇ.

چەكلىنىدۇ، ئۈچىنچى بىر دۆلەت خەلقىنى شىركەتنىڭ ئىشچىلىقىغا تولۇقلاشقا بولمايدۇ.

11-ماددا شىركەتكە ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەر بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىپ توشۇلىدۇ.

12-ماددا شىركەتنىڭ مال-مۈلكى جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇلۇۋاتقان يول ئۈستىدىكى ماللارنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى بېجىرىدۇ.

13-ماددا شىركەتنىڭ تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن يول ياساش، ئۆي سېلىش، ماي تۇرۇبىلىرىنى، تېلېگراف، تېلېفون لىنىيىلىرىنى ئورنىتىش ۋە سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مەركۇز شىركەتكە تېگىشلىك ھەمكارلىق كۆرسىتىشى لازىم.

14-ماددا شىركەت ئىشلەپچىقارغان بېنزىن، كىرسىن ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولۇپ سەرپ قىلىنغانلىرىدىن سىرت، يېرىمىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سېتىۋالىدۇ، قالغان يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سېتىۋالىدۇ.

يۇقىرىدىكى نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش باھاسىغا ئەسلى تەننەرخىگە 2% پايدا قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ، كېيىنكى تەننەرخىگە قوشۇلىدىغان پايدا نىسبىتىنى كۆپەيتىش-ئازايتىشنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىركەتتىن نېفىت

ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى توشقاندا، مەزكۇر شىركەتكە سوۋېت ئىتتىپاقى قوشقان قىسمىنى سېتىۋالمىغاندا بۇ كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى داۋاملىق بەش يىل ئۇزارتىلىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ بەش يىللىق ئىناۋەتلىك مۇددىتى توشقاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنىلا سېتىۋالمىسا، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى يەنە داۋاملىق بەش يىل ئۇزارتىلىدۇ، كېيىن مۇشۇ بويىچە بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەل مەبلىغى ئارقىلىق بۇ شىركەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلۈش قىسمىنى سېتىۋېلىشقا ھەمدە سېتىۋالغاندىن كېيىن شىركەتنى پۈتۈنلەي ياكى بىر قىسمىنى 3-بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ياكى شىركىتىگە سېتىشىغا ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە بولمايدۇ.

21-ماددا بۇ كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولۇپ، تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىلمەيدۇ.

مەزكۇر كېلىشىم خەنزۇچە، روسچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل يېزىقتا ئىككى نۇسخىدىن بولىدۇ، ئەگەر چۈشەندۈرۈشتە گۇمان تۇغۇلغاندا، ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

## Ⅲ. مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت تەرەپنىڭ كېلىشىم لايىھىسىنى قاراپ چىقىش پىكرى

1. مىللىي ھۆكۈمەت ئىقتىساد مىنىستىرلىكى

17ـ ماددا شىركەتنىڭ تاپاۋەت ساپ پايدىسىنى ھەر يىللىق نەخ چوت تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەڭ تەقسىم قىلىدۇ.

18ـ ماددا شىركەت جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ تەقسىملەشكە ئالاقىدار ماددىلىرى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چەت ئەل سودا بانكىسى قارىمىقىدىكى مەركىزىي مالىيە ھېسابات بۆلۈمى ئارقىلىق چىقىم قىلىنىدۇ.

19ـ ماددا شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىچىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى ياكى پرىنسىپلىرى بىلەن ئويغۇن بولمىسا قوللىنىلمايدۇ.

20ـ ماددا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى 25 يىل بولىدۇ.

ۋاقىت قەرەلى توشقاندىن كېيىن جۇڭگو مىللىي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلغان چىقىمى ۋە بۇندىن كېيىن شىركەتكە سالىدىغان كاپىتالنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. سېتىۋېلىش باھاسى شىركەت سېتىۋالغان ۋاقىتتىكى بارلىق مۈلۈكلەرنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بويىچە 50% ئامېرىكا دوللىرى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن بۇ مەيلى قانداق بولسۇن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلغان ئەمەلىي چىقىمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزكۇر شىركەتكە سالغان مۇقىم مەبلەغ ۋە كۆچمە مەبلەغ سانىدىن ئاز بولماسلىقى لازىم.

بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسىنى ئويلۇشۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان پاي قىسمىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرقانچە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىزاھلاپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ پايچىكى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى بولىدۇ، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پايچىكى قېزىلما بايلىق كومىتېتى بولسا بولىدۇ.

مەركەز پاي پۇلى ئۈچۈن ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرىدۇ ياكى بازار باھاسى بويىچە پۇل ئورنىغا ۋولفىرام، قەلەي تاپشۇرىدۇ.

يەنە ئەسلى لايىھەنىڭ 13-ماددىسىدا نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېرىمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تەئەللۇق بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، ئەگەر سوۋېت تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى كۆزدە تۇتقاندا، سان جەھەتتىمۇ قوشقان پاي نىسبىتى بويىچە بولسا بولىدۇ.

3) دىرېكتور ۋە ئىنژېنېرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇسۇلى

ئەسلى لايىھەنىڭ 7-ماددىسىدا، دىرېكتور ۋە ئىنژېنېرلار بىر نەپەردىن بولۇپ سوۋېت تەرەپتىن تەيىنلىنىدۇ، مۇئاۋىن دىرېكتور بىر نەپەر بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ جۇڭگونىڭ قانۇن ۋە ئادەتلىرى بىلەن ئۇيغۇن ئەمەس. ئادەتتىكى بىرلەشمە مەبلەغ شىركەتلىرىنىڭ چارىسىغا ئاساسلانغاندا مۇدىرىيەت تەسىس قىلىنىپ، جۇڭگو تەرەپتىن بىر مۇدىر باش مۇدىرلىقنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن بىر مۇدىر مۇئاۋىن باش مۇدىرلىقنى ئۆتەيدۇ، مۇدىرىيەت جۇڭگو تەۋەلىكىدىن بىر دىرېكتورنى، سوۋېت

## قېزىلما بايلىق كومىتېتىنىڭ سوۋېت-شىنجاڭ نېفىت كېلىشىمىنى قاراپ چىقىش ئاساسىي نۇقتىلىرى (1942-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى)

1) ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆلىمى ۋە تەخمىنىي باھاسى

ئەسلى لايىھەنىڭ 1-ماددىسىدا مايتاغدا بىر نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. ھەر يىلى 50 مىڭ تونىنا نېفىت ئايرىپ چىقىلىدۇ، بۇنىڭ 60%تىنى بېنزىن دەپ ھېسابلىغاندا، يىلىغا تەخمىنەن 10 مىليون گاللون بېنزىن ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. لېكىن يۇقىرىدىكى كۆلەم بويىچە ئامېرىكىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن بىر قانچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى (مەسىلەن 6 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) بولۇپ، ئومۇمەن ئالغاندا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولمايدۇ.

2) ئىككى دۆلەتنىڭ پاي تەقسىماتى

ئەسلى لايىھەنىڭ 2-ماددىسىدا: سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ كاپىتالى 50% بولۇپ، جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا نېفىت دۆلەتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، مەسىلەن شىركەتنى تەشكىللەشتە چەتنىڭ پېيى ئەڭ كۆپ بولغاندا 49 پىرسەنتتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى قانۇن بويىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلسە، ئالايلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېيى 49% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇدىغان پاينىڭ 50%

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەدەل تەلەپ قىلماسلىق توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ لايىھە تۈزۈش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىغا بىز تەرەپ ھەق تۆلەش لازىملىقى ھەققىدە كېلىشىمنىڭ 9-ماددىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، ئادىل بولمىغان، شۇڭا ئىككى تەرەپ باھاغا سۈندۈرۈپ بالانىس قىلىدۇ.

## 2. مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ جۇڭگو-سوۋېت نېفىت كېلىشىمىنىڭ لايىھەسىنى تەكشۈرۈش پىكرى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مايتاغ نېفىت كېنى توغرىسىدىكى لايىھەسى مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن ياكى ماھىيەتتە بولسۇن، ئىككى تەرەپ سالىدىغان كاپىتال 50% بولۇش خۇددى باپباراۋەر (ئالاھىدە شىركەت نىزامىدا چەت ئەل مەبلىغى كۆپ بولغاندا 49% بولىدۇ دېيىلگەن) بولغاندەك قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرىدا باراۋەرسىزلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇننى شىڭ دۇبەن ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە بىلەن سېلىشتۇرغاندا سەل كەڭرەك كۆرۈنگەن بىلەن لېكىن 1924-يىلى جۇڭگو-سوۋېت تۈزگەن جۇڭگو شەرقى يولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش كېلىشىمى جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن، چۈنكى جۇڭگو شەرقىي يول كېڭىشىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇڭگولۇقلاردىن بولۇشى كېرەك دېيىلگەن، لېكىن بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەدە مايتاغ نېفىت

تەۋەلىكىدىن بىر مۇئاۋىن دىرېكتور، ئىنژېنېر بىر ياكى بىرقانچە كىشى بولىسىمۇ بولىدۇ، ئۇلار جۇڭگو ياكى سوۋېت تەۋەلىكىدىن بولىسىمۇ بولىدۇ. ھەمدە بۇنىڭدىن باشقا نىزام تۈزۈش، خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەش لازىم.

4) تۇرۇشلۇق جاينى قوغداش مەسئۇلىيىتى

ئەسلى لايىھەنىڭ 15-ماددىسىدا: يولدىكى ۋە مايتاغ چېگرىسى ئىچىدىكى بىخەتەرلىكنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى مۇھاپىزەت قوشۇنى ئەۋەتىدۇ، دېيىلگەن، بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. جۇڭگو چېگرىسىدىكى جايلارنى ساقلاش، قوغداشنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئارمىيە، ساقچىلىرى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

5) چەت ئەلنىڭ پېيىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش قەرەلى

ئەسلى لايىھەدە كېلىشىم قەرەلى 25 يىل بولىدۇ، كېلىشىم قەرەلى توشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېيى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىۋېلىنىدۇ، دېيىلگەن. توختام قەرەلى ئەڭ ياخشىسى 10 يىل بولغىنى تۈزۈك، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئەسلى پىكرىدە چىڭ تۇرسا، ئەھۋالغا قاراپ قىسقارتىش ۋە ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

6) باج-سېلىق كەچۈرۈم قىلىش ۋە يەر ئۈلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلماسلىق. ھەر خىل باج-سېلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئالاھىدە ئىشلار بولۇپ، كەچۈرۈم قىلىنمىسا ئەپسۇسلىنارلىق بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقاندا، يەر ئۈلى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەققىدە كېلىشىمنىڭ 8-ماددىسىدا

(1) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنىڭ 3-ماددىسىدا «مەزكۇر نېفىت ئايرىش زاۋۇتى نېفىت ئايرىش ئۈچۈن ئەمەلىي چىقىم قىلىغان خىراجەتنى ئىككى تەرەپ 50% تىن تەڭ تۆلەيدۇ. مەزكۇر شىركەتنىڭ مۇقىم مەبلىغى ۋە كۆچمە مەبلىغى نورمىسىنى بۇندىن كېيىن ئىككى تەرەپ نىسبەت بويىچە ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، نېفىتنىڭ ئۆزى دۆلەتىمىز ئىلكىدىكى بايلىق بولۇپ، ئالاھىدە رۇخسەت بىلەن تەشكىللەنگەن شىركەتلەرنىڭ چەت ئەل پېيى ئەڭ كۆپ بولغاندا 49% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋېييۈەنجاڭنىڭ 31-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى ۋېلىڭ بۇجاڭغا تېلېگراممىا ئارقىلىق يەتكۈزگەن يوليورۇقىدا: چەت ئەل مەبلىغى 49% بولىدۇ» غانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ قېتىم بىزنىڭ جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ كاپىتال سېلىش بەلگىلىمىسىدىمۇ ئەسلى لايىھەدە چىڭ تۇرۇش، يەنى جۇڭگونىڭ 51%، سوۋېت تەرەپنىڭ 49% بولۇشى لازىم.

(2) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنىڭ 5-ماددىسىدا «جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۆلەيدىغان ئۆسۈم بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن ئالتۇن، چارۋا مال، قوي يۇڭى سېتىۋالىدۇ، ھەمدە بۇ ماللاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى ماللارنىڭ ۋاقتىدا تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگو تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان ئۆسۈم پۇلى نورمىسى تېخى تەكشۈرۈپ بېكىتىلمىدى، شۇڭا جۇڭگو تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان ئۆسۈم نورمىسى ھازىر تېخى بېكىتىلمىگەن

كان شىركىتىنىڭ كېڭەش رەئىسلىكىنى جوڭگو-سوۋېت نۆۋەتلىشىپ ئۆتەيدۇ، شۇنداقلا باش دىرېكتور ۋە باش بوغالتىرلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار ئۆتەيدۇ دەپ بەلگىلەشىنىڭ ئۆزى تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپ چىقارغانلىق بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت بىزنى ئەمەلىي ھەقتىن مەھروم قىلغانلىق، ئادىل بولمىغانلىق. ئېلىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىن بۇيانقى خەلقئارا ئورنى ئۆستى، لېكىن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قانداق شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرنى ئىمزالاشتا تېخىمۇ تىز پۇكمەي، باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا ئويلۇنۇپ كۆرۈپ، تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارنى ئەمدى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ قېتىمقى مايتاغ نېفىت كېنى كېلىشىمى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن قوشنا دۆلەتلەر بىلەن شىرىكلىشىپ ئىشلەيدىغان تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە ئۈمىد كۈتۈشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتە ھەر قايسى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئېلىمىز بىلەن كېڭىشىپ ئىشلەيدىغان ئىشلىرىغا باھانە تېپىشىغا يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. مايتاغ نېفىت كېنىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى مۆلچەرلەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرمەي بولمايدۇ، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە پىكرىنى ماددىلار بويىچە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

نەزەردە تۇتۇپ، ئەگەر بىز تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە يول قويغاندا كېڭەش رەئىسى بىلەن باش دىرېكتورلۇقنى جۇڭگو تەرەپ ئۈستىگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش، يەنە بىر جەھەتتىن: «بۇندىن كېيىن شىركەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىمزالايدىغان بۇيرۇقلار ۋە تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى باش ھەم مۇئاۋىن دىرېكتورلار بىرلىشىپ ئىمزالاش لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن ئىناۋەتسىز بولىدۇ»، دەپ تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىشقا تىرىشىش لازىم. باش بوغالتىر ۋە مۇئاۋىن بوغالتىرنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مەسىلىسىگە كەلسەك باش ۋە مۇئاۋىن دىرېكتورلارنىڭ ئىش بېجىرىش چارىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.

4) يەنە مۇشۇ 7-ماددىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە: «شىركەت جۇڭخۇا مىنگو تېررىتورىيىسىدە شۆبە شىركەتنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى. . . لارنى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق» دېيىلگەن، ئېنىقلىنىشىمىزچە نېفىت كېنىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت شىنجاڭنىلا تەمىنلەشكە يېتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ شىركەت نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ مەسىلەك ياكى جاسۇسلۇق خىزمەتلىرىنى يوشۇرۇن تەشۋىق قىلىش ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تېخى توشۇلمىغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ۋەكالىتەن سېتىپ ئىشلىتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلاردا شۆبە شىركەتلەرنىڭ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنى قۇرۇش بىھاجەت. ئەگەر بىز تەرەپ بۇ مەسىلىگە يول قويغان تەقدىردە: «جۇڭگونىڭ ئىجازەت بېرىشى ئارقىلىق،

ئەھۋالدا جۇڭگونىڭ مۇشۇ ماددا ئارقىلىق كېلىشىمگە قاتنىشىشىنى چەكلىشكە بولمايدۇ، شىنجاڭدىن مال سېتىۋېلىش جەريانىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك نورمىسى ھېسابلاپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، باشقىدىن كېڭەيتىشكە بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلىدىغان مالدىن ئېلىنىدىغان ئېكسپورت بېجى يەنىلا بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

(3) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنىڭ 7-ماددىسىدا «شىركەتنىڭ كېڭەش يىغىنىنى ئاچقاندا رەئىسلىكنى جۇڭگو ۋە سوۋېت تەرەپ ۋەكىللىرى نۆۋەت بىلەن ئۆتەيدۇ، شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ 1-قول دىرېكتور ئەۋەتىپ باشقۇرىدۇ، مۇئاۋىن دىرېكتورنى جۇڭگو تەرەپ تەيىنلەيدۇ، شىركەتنىڭ باش بوغالتىرىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەيىنلەيدۇ، مۇئاۋىن بوغالتىرنى جۇڭگو تەرەپ تەيىنلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا مەزكۇر شىركەت ئېلىمىز تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، كاننىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇن بويىچە جۇڭگو تەرەپكە تەئەللۇق بولىدۇ، يەنە كېلىپ كاپىتال سوممىسى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ 49%نى ئىگىلىگەچكە، شىركەتنىڭ كېڭەش رەئىسلىكى، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى جۇڭگو تەرەپتىن، مۇئاۋىن رەئىس ۋە مۇئاۋىن دىرېكتورى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن قويۇلۇشى شەرت، ئۇنداق بولمىغاندا ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يېتىدۇ، ئىلگىرى جۇڭگو شەرقى يولىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھەر خىل ماجرالارنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشنى

ئىتتىپاقىدىن شىركەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللارنى يۆتكەپ كىرگۈزۈشتە، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چېگرا بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلسا، ئۇنداقتا باپباراۋەرلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپمۇ چېگرا بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىدۇ» دەپ ئىزاھلاش كېرەك. شىركەتنىڭ كىرىمى، پايدا، ئېشىنچىسى ۋە مال-مۈلۈك مەسىلىلىرى ھەققىدە ئوتتۇرا شەرق يولىدىكى باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ئەھۋاللىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە تاپاۋەت بېجى ۋە تىجارەت بېجى تاپشۇرۇش لازىم. (د) تارمىقىدىكى «شىركەتتىكى سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خەلقتىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل پاراۋانلىق ۋە شەخسى باج سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ....» قاتارلىقلارنىمۇ مەسئۇل ئورگان كېڭەشكەندىن كېيىن، ئاندىن كونكرېت پىكرىنى تەييارلاشقا بولىدۇ. (ئې) تارمىقىدىكى «چېگرىدىن توسالغۇسىز كىرىش ياكى بۇ يەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىشقا ھوقۇقلۇق» دېگەننى «چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتى بويىچە بېجىرىش لازىم» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

6) 9-ماددىنىڭ (د) تارمىقىدىكى «ھەق بېرىلىدۇ» دېگەننى «قىممىتى بويىچە ھەق قايتۇرۇلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

7) لايىھەنىڭ 11-ماددىسىدىكى ئەسلى لايىھە بويىچە شىركەتكە ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلىدۇ دېگەن مەزمۇن «شىركەتكە

. . . لىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئەسكەرتىش زۆرۈر.

5) سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەنىڭ 8-ماددىسىنىڭ (ئا) تارمىقىدا «. . . . گە ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەر ئۈچۈن ھەق تۆلەنمەيدۇ» دېيىلگەن، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ شىركەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن يېرىمىز شىركەتنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان يەر بولۇپ، شىركەت سانائىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا شىركەت ئىگىدارلىقىدىكى ئۆي-زېمىن، ماشىنا قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى شىركەتنىڭ كاپىتالى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز تەرەپ ئادىل ھەق ئېلىشقا ئورۇنلۇق. (ب) تارمىقىدا «شىركەتنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق ماتېرىياللارنى شۇ جاي تەمىنلەيدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى «تەمىنلەش»نى «سېتىپ بېرىش» كە ئۆزگەرتىش لازىم. (س) تارمىقىدىكى «. . . . لەرنى ئىجازەتنامە ئالماي ئەركىن ھالدا يۆتكەپ كىرىشكە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن مەزمۇننى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھەربىي قورال-ياراق ۋە مەنئىي قىلىنغان نەرسىلەرنى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈش ۋەقەلىرىنى تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «. . . . شىركەتنىڭ نىزامى بويىچە يۆتكەپ كىرگۈزۈش لازىم» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم. يەنە يۆتكەپ كىرگۈزۈلىدىغان ئۈسكۈنە-ماتېرىيال قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا ۋە باشقا بارلىق باج-سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دېگەن يەرگە «مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ، كېيىن سوۋېت

10) 14ـ ماددىدىكى شىركەت ئىشلەپچىقارغان بېنزىن، كىرىسىن ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى، ئەسلى لايىھە بويىچە ھەر قايسىسى يېرىمىدىن سېتىۋالىدۇ، دېگەن مەزمۇننى ئىككى تەرەپ چىقارغان كاپىتال نىسبىتى بويىچە جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپ سېتىۋالىدۇ، دەپ ئۆزگەرتىش لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدا يەنىلا قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈش، چېگرا بېجىنى تۆلەش-تۆلىمەسلىك مەسىلىسىنى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بېكىتىشكە بولىدۇ.

11) لايىھەنىڭ 15ـ ماددىسىدىكى «. . . . ئىككى تەرەپ ئورتاق كېڭىشىپ. . . .» دېگەن يەرگە «نېفىت ئايرىش ئۇسكۇنىلىرىنى كۆپەيتىش ياكى خام نېفىتنىڭ ئېشىنچىسىدىن پايدىلىنىش چارىسىنى قوللىنىش» دەپ ئۆزگەرتىپ قوشۇش لازىم.

12) لايىھەنىڭ 17ـ ماددىسىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەڭ تەقسىم قىلىدۇ» دېگەننى «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى كاپىتال نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

13) لايىھەنىڭ 18ـ ماددىسىدىكى «شىركەتنىڭ جۇڭگو-سوۋېت ئىككى تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك پۇل تۈرلىرى . . . نى ھېسابات بۆلۈمى راسچوت قىلىدۇ» دېگەننى «. . . . شىركەتنىڭ پۇللىرى كاپىتال نىسبىتى بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى جۇڭگو-سوۋېت بانكىلىرىدە ئايرىپ ساقلىنىدۇ، ساپ پايدىسىنى شىركەت بوغالتىرلىق باشقارمىسى راسچوت

ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەردىن جۇڭگو ياكى سوۋېت ئىتتىپاق
ئىشلەنگەن بولۇپ، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە باھاسى ئۈچىنچى بى
دۆلەتتىكىسى بىلەن ئوخشاش بولسا، جۇڭگو بىلەن سوۋې
ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىش، ئەگەر جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى
ئىشلەنگىنىنىڭ سۈپىتى ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭكىدىن ناچارراق
ياكى سۈپىتى تەڭ بولۇپ، باھاسى بىلەن توشۇش ھەققى ئۈچىنچى
بىر دۆلەتنىڭكىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۈسكۈنىنى ئۈچىنچى بىر
دۆلەتتىن سېتىۋېلىش» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

8) لايىھەنىڭ 12-ماددىسى، ئەسلى لايىھەدە بەلگىلەنگەن
شىركەت مال-مۈلۈك سۇغۇرتا چارىسى «شىركەت مال-مۈلۈك
سۇغۇرتىسىنى جۇڭگو مەركىزىي بانكا سۇغۇرتا مىنىستىرلىكى
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئىككى
تەرەپ كاپىتالىنىڭ نىسبىتى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ئۈستىگە
ئالىدۇ، يول ئۈستىدىكى مال سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا بولسا
سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى بېجىرىدۇ،
جۇڭگو چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەركىزىي سۇغۇرتا
مىنىستىرلىكى بېجىرىدۇ، ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ چېگرىسىدىن
ئۆتۈۋاتقاندا بولسا، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ سۇغۇرتا
ئورگانلىرى تەڭ بېجىرىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

9) لايىھەنىڭ 13-ماددىسىدىكى «سىمسىز رادىئو
ئىستانسىسى ئارقىلىق» دېگەن بىر جۈملىنى شىركەتنىڭ ئايرىم
ئىستانسا تەسىس قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن «جۇڭگونىڭ
سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق تېلېگرام بېرىدۇ» دەپ
ئېنىق بەلگىلەش لازىم.

# شىنجاڭ نېفىت تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ بۆشۈكى — قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى

تۇنىياز ئىمىرنىياز

## 1. تارىخى تەرەققىيات

شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، شىنجاڭ نېفىت شىركىتى 1956-يىل 8-ئايدا مايتاغ كان رايونىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ رايونىدا تۇنجى رەسمىي قېلىپلاشقان نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، نېفىت ئاققۇزۇش، نېفىت ئايرىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش رېمونتچىلىق، سۇۋاركا كەسىپلىرى بويىچە تەربىيىلەشكە باشلىدى.

قاراماي رايونىدا نېفىت چارلاش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىق تەرەققىياتىغا ئېرىشىشكە ئەگىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، 1960-يىلى 9-ئايدا، قاراماي نېفىت كان رايونىدا تارىختىن بۇيانقى تۇنجى رەسمىي ئىشچىلار تېخنىكومى قۇرۇلۇپ

قىلىپ تۈلەيدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

14) لايىھەنىڭ 19-ماددىسىدىكى «ئىككى تەرەپنىڭ هوقۇقى مەزكۇر كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى ياكى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەننى «ئىككى تەرەپنىڭ هوقۇقى شىركەت تۇرۇۋاتقان جاينىڭ قانۇن ياكى كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم.

15) لايىھەنىڭ 20-ماددىسىدىكى «مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى 25 يىل بولىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىت چېكىنى ۋېيىۇەنجاڭنىڭ 31-يىلى 14-ئىيولدا مىنىستىر ۋېڭ ۋېنخاۋغا تېلېگرام ئارقىلىق بەرگەن يوليورۇقى بويىچە ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 يىلدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

16) لايىھەنىڭ 20-ماددىسىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدىكى «جۇڭگو هۆكۈمىتى تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىشلىقى لازىم، . . . ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ هۆكۈمىتى ۋە خەلقى» دېگەن مەزمۇنلار پۈتۈنلەي قىسقارتىۋېتىلىشى لازىم.

مامۇت مۇھەممەت تەرجىمىسى

1978-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى قاباھەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىققا خاتىمە بېرىپ «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش»نى توختىتىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش.... ھەققىدە بىر يۈرۈش توغرا سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن چوڭ-كىچىك سانائەت، كارخانا ئورۇنلىرى غەيرەت-ئىرادە بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلانغان بولسىمۇ بىراق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئەمەلىي تېخنىكا ئىگىلىگەن كەسپ ئىگىلىرى — تېخنىك ئىشچىلار تولىمۇ كەم بولغانلىقتىن، سانائەت، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى دەرھال نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بىلىم-تېخنىكا ئىگىلىمەي تۇرۇپ، قارا كۈچكە تايىنىپ چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تولۇق ئىسپاتلاندى.

كەسپىي بىلىم، ئەمەلىي تېخنىكا، ھۈنەر-ماھارەت ئىگىلىگەن، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ياسىيالايدىغان،

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن تونجى تۈركۈمدە ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش باشلاندى (مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى قاراماي شەھەرلىك 1-باشلانغۇچنىڭ ئورنىدا ئىدى).

1961-يىلى مايتاغدىكى ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى قاراماي رايونىغا يۆتكەپ كېلىنىپ قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1962-يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى تاقالدى. مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر تارقالاشتۇرۇۋېتىلدى. ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشى بولغان 13 نەپەر ئوقۇغۇچى قاراماي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغاندىن باشقا بارلىق ئوقۇغۇچىلار يۇرت-ماكانلىرىغا، ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كەم بولۇشى سەۋەبلىك 1964-يىلى يەنە قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى ئورۇمچىدە قۇرۇلدى. بىراق ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەبلىك، 1969-يىلى قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى تاقىلىپ، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلار تارقالاشتۇرۇۋېتىلدى.

× × × ×

70-يىللار خەلقئارادا نېفىت سانائىتى زور دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بىر تارىخى دەۋر بولدى.

تەلىپىنى قاندۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆيغۇنلاشمىسا، كىرىم-ئۇنۇمنى ئاشۇرمىسا، نېفىتچىلارنىڭ سان-سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ زامانغا لايىق نېفىتچىلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نېفىتچىلىكنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمىسە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت... شارائىتىنى ياخشىلىمىسا بولمايدىغانلىقتىن، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جىددىي ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ ئەنگە ئېلىپ تەستىقلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئاستىدا، 1979-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىنقىلابى كومىتېتى [1979] 83-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقىرىپ، ھۆججەتتە ئاساسەن «قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسى» قۇرۇلۇپ، سابىق شىنجاڭ نېفىت ئىدارە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جىيادانىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، تۇرسۇن ھاپىز قاتارلىق 54 نەپەر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىدىكى يولداشلارنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەر يۈرۈشۈشكە باشلىدى.

1979-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ [1979] 128-نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن «شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى» رەسمىي قۇرۇلۇپ، تۇرسۇن ھاپىز، ۋاڭ جياڭكۈن، تاڭ گۇاڭگۈي، ھەبىبۇللا غازى، ۋۇشىرو قاتارلىق 6 نەپەر يولداشتىن تەركىب تاپقان مەكتەپ رەھبەرلىك ئاپپاراتى

قۇراشتۇرالايدىغان، ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئەقلى جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، كەسىپتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ پايدا ئۇنۇمگە ئېرىشىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ئېغىر-يېنىك سانائەت، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئەمەلىي تەلىپىگە ئايلاندى.

دۆلىتىمىز تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئېغىر-يېنىك سانائەت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ، كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان تېخنىك ئىشچىلارغا بولغان جىددىي تەلىپىنى تېزدىن قاندۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز رېئاللىققا يۈزلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەيدىغان تېخنىكوم مەكتەپلەرنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈرلۈك تېخنىك مەكتەپلەر جىددىي قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان مايتاغ، قارامايدىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارقىدا قېلىۋاتقان نېفىت چارلاش، قېزىش، ئېلىش، توشۇش، ئايرىش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، تۇرمۇش. ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم كەسىپ ئەھلىنى تەربىيىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

كادىر، 236 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى جەمئىي 395 نەپەر خادىم يۆتكەپ كېلىنىپ مەكتەپنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

1979-يىل 10-ئاينىڭ 6-كۈنى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا، بارلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلار ۋاقىتلىق سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى، توك، سۇ، يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جېڭىگە بىردەك ئاتلاندى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچكىممۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى چېدىر تىكىپ باقمىغان ئىدى. چېدىردا تۇرمۇش كۆچۈرۈپ باققانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما كۆپچىلىك ئۆز ئارا ئەقىللىشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەر چېدىردىن بىرنى تىكىپ ئۈلگە كۆرسەتكەندىن كېيىن، 1600دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى بىرلىكتە ئىلگىرى ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن بۇ چۆللەرگە تەر تۆكۈپ، چۆللۈك، شورتاڭلىقتىكى «چېدىر مەكتەپ»نى بارلىققا كەلتۈردى...

ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، 1600دىن ئارتۇق ئادەم 300دىن ئارتۇق چېدىر تىكىپ، ياغاچ كەپىلەرنى ياساپ، ياتاق، سىنىپ، ئاشخانا، ئىشخانا، يول، توك، سۇ... قۇرۇلۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، 1979-يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 1980-يى 1-ئاينىڭ 6-كۈنىگە قەدەر، 27 سىنىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوقۇش باشلاپ ئىدارە-شەھەرنىڭ «مۇشۇ يىلدا مەكتەپ قۇرۇش، مۇشۇ يىلدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، مۇشۇ يىلدا ئوقۇش باشلاش» تىن ئىبارەت تەلىپىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت، ئۈنۈم، مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈردى.

قۇرۇلدى. مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن ھاپىز قوشۇمچە ۋاقىتلىق مەكتەپ پارتكومىنىڭ ھېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ۋاڭ چياڭكۇن، تاڭ گۇاڭگۇي، ھەبىبۇللا غازى، ۋۇشىرۇ قاتارلىقلار مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1979-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئىدارە-شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ [1979] 44-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە 99-نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن، مەكتەپنىڭ ئورنى نېفىت ئېلىش 3-زاۋۇتىنىڭ غەربىدىكى ئائىلىلىكلەر رايونىدىن 14-نومۇرلۇق ماي يىغىش پونكىتىغىچە، جەنۇبتا قاراماي-ئاقبۇلاق تاشيولىغىچە، شىمالدا 9-نومۇرلۇق قۇدۇقتىن 2548-نومۇرلۇق قۇدۇققىچە بولغان ئارىلىقتىكى 720 مىڭ كۋادرات مېترلىق دائىرىگە بېكىتىلدى. ھۆججەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بۇ رايوندا ئون مىڭ كىشىلىك تۇرمۇش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش پىلانلاندى. مەكتەپ بەش مىڭ ئوقۇغۇچى كۆلىمىگە بېكىتىلىپ، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، گېئولوگ، ماشىنىسازلىق، كان مېخانىزمى، ماشىنا رېمونت، شوپۇرلۇق، ئىستانوك، نېفىت سىناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماددى ئەشيا باشقۇرۇش، كاتول ئىسچوتچىك، ماتور، ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆلچەش، نېفىت ئاققۇزۇش، نېفىت ئايرىش، سۇۋاركا، سېلىسارلىق، قۇدۇق رېمونت، راستور، كاسسىرلىق، تەمىنلەش، مانتيورلۇق، ستاتىستىكا... قاتارلىق 30 نەچچە خىل كەسىپ تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى 1232 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 13 خىل كەسىپكە، 27 سىنىپقا ئايرىلدى. ھەر قايسى زاۋۇت، ئىدارە، ئورگان، باشقارما، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىن 159 نەپەر

تۈتۈشقا قاراتتى. بۇ بىر يىلدا 31356.09 كۋادرات مېترلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىش باشلىنىپ، 23108.09 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇش پۈتتى. 7-ئايدىن 9-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومى، چۆچەك نېفىت تېخنىكومى، جياڭخەن نېفىت تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 131 نەپەر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى بۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچى كام بولۇش مەسىلىسىنى خېلى زور دەرىجىدە ھەل قىلىپ، بۇلار تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپ 54 نەپەر ئادەمنى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. مەكتەپ ئىچىدە ئىككى قارار ئوتتۇقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 58 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى.

يىل ئاخىرىغىچە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 713 ئادەمگە يېتىپ كەسىپ ئوقۇتقۇچىلىرى 295 ئادەمگە يەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2971 ئادەمگە يېتىپ ئۇلار 15 تۈرلۈك كەسىپ ۋە 61 سىنىپقا بۆلۈنۈپ، ئوقۇش نورمال ئىزىغا چۈشتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە مەكتەپ كىتابخانىسى دەسلەپكى كۆلەمنى ھاسىل قىلىپ ئون مىڭ دانە (يۈرۈش) تۈرلۈك ساھەدىكى كىتابلار بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق يېزىقىدىكى كىتابلار 1900دىن ئاشتى.

1980-يىلى مەكتەپ پراكتىكا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، بىر نەچچە ئىستانوك، بىر تۆمۈرچىخانا ۋە بىر قىسىم ئۈسكۈنە-سايمانلارغا ئىگە ئاددىي رېمونتچىلىق ئىشلىرىنى قىلالايدىغان كۆلەمگە

1980-يىلى 2-ئايدا، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر مەيدان شىددەتلىك بوران-چاپقۇن قاراماي شەھىرىگە قاراپ ھۇجۇم باشلاپ، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كېلىپ 50% دىن كۆپ چېدىر ئۆرۈلدى، يىرتىلدى، كۆيدى. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار چېدىر، ياغاچ ئۆي ۋە قۇم-تۇپراقنىڭ ئاستىدا قېلىپ جاندىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. سىنىپ، ئىشخانا، ياتاق، ئاشخانا، توك، سۇ، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋەيران بولغانلىقتىن، مەكتەپتىكى ھەممەيلەن بۇ كۈنلەردىكى قار-شىۋىرغاندا تولىمۇ ئېغىر كۈنگە قالدى. ئاچلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى توڭلاپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن موملارنى غاجاشقا، ئۇسسۇزلۇق شېغىل-تۇپراق ئارىلىشىپ كەتكەن قار-مۇزلارنى يېيىشكە، سوغاق ئاي-دالادا گۈلخانلارنى ياقتۇرۇشقا . . . مەجبۇرلىدى.

بۇ قېتىمقى شىددەتلىك بوران-چاپقۇن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۈمىدلىرىنى يوقىتالمىدى. ئەكسىچە، بوران-چاپقۇن توختاش ھامان بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار دەرھال مەكتەپنى قايتا قۇرۇپ چىقىش جېڭىگە ئاتلاندى. ئون نەچچە كۈنلۈك جاپالىق ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك بەدىلىگە ئۆرۈلگەن، يىرتىلغان، بۇزۇلغان چېدىرلار، ياغاچ ئۆيلەر رېمونت قىلىنىپ قايتىدىن قەد كۆتەردى. يەنە بىر رەت ياغاچ قۇرۇلمىلىق سىنىپلار بارلىققا كەلدى.

1980-يىلى مەكتەپ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىر قولدا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش، بىر قولدا خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ

12 بىنا پۈتۈپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى قەدەمدە چېدىر، ياغاچ ئۆي، گەمە، لاپاسلاردىن بىر-بىرلەپ خوشلىشىپ، بىنا-ئىمارەتلەرگە كۆچۈپ كىرىشكە، يول، مەيدان، توك، سۇ، پار، ئورمان تىكىش... ئاساسىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇشقا، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تۇرمۇش مۇنتىزىملىشىشقا، يۈرۈشلىشىشكە يۈزلەندى.

نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا يۆتكەپ كېلىنىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى-ئىشچى، خىزمەتچى، ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا زادىلا بولمايدىغان ئالاھىدە بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنلىكتىن، 1981-يىل 6-ئايدا قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومىغا قاراشلىق پەرزەنتلەر مەكتىپى قۇرۇلدى. 1981-يىلى 9-ئايدا پەرزەنتلەر مەكتىپى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپتە مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 127 نەپەر، مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار 10 نەپەر بولۇپ، پەقەتلا 10 ئېغىزلىق ياغاچ ئۆيلا بار ئىدى.

ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. 1980-يىلىدىكى پىلان ئاساسىدا، مەكتەپ 1981-يىلى يەنە 54 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس سۆزلەش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، شەرقىي-شىمال نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ

يەتتى. 1981-يىلى پراكتىكا زاۋۇتى يەر ئاستى گەمىلەردىن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلدى، بەش دانە ئىستانوك سەپلەندى.

1981-يىلى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەرەققىي قىلىپ 320 ئادەمگە يەتتى. مەكتەپ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، 1980-يىلدىن ئېتىبارەن 67 نەپەر ئوقۇش تارىخى، خىزمەت تارىخى، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار كادىرلارغا تەكشۈرۈش، باھالاش، مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1981-يىلى يەنە 141 نەپەر ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش تارىخى، خىزمەت تارىخى بارلارغا نىسبەتەن تەڭشەش، ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

بۇ يىل مەكتەپ نېفىتلىككە ئېلېكترلىك ئۆلچەش، ستاتىستىكا كەسىپلىرى بويىچە 96 نەپەر لاياقەتلىك كەسپىي تېخنىك ئىشچى يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ مەزگىللەردە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3522 ئادەمگە يەتتى. 13 خىل كەسىپتە ئوقۇغان 1117 نەپەر ئوقۇغۇچى نەزەرىيە ئوقۇشنى تاماملاپ نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1-سېپىگە پراكتىكىغا چۈشتى.

1981-يىلى، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىر قولدا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش، بىر قولدا ئوقۇتۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا قاراتتى.

1981-يىلى بىر دانە تۆت قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى، بەش ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، يەتتە ئائىلىلىكلەر بىناسى جەمئىي

2700دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ، 112 نەپەر سىنىپ ھەيئەتلىرى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەربىيىلەندى. ئۈچ قارار ئىتتىپاق كۇرسى ئېچىلىپ، 1151 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى تەربىيىلەندى. 3000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىردىشىش، ئۆزئار چۈشىنىش، ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

1982-يىلى مەكتەپ پارتكومى تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتلەردە مەكتەپ پارتكومى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالتە قارار پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئۈچ قارار كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 135 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، 130 نەپەر كادىرنى تەربىيىلىدى. تۇرلۇك شەكىلدىكى تەشۋىقات، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىدىن 14 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ پائالىيەتكە 2600دىن ئارتۇق ئادەم ئىشتىراك قىلدى.

مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش پائالىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەكتەپنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ۋاقىتلىق پارتكومىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىقنى يوقۇتۇش جېڭىگە ئاتلاندى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلار ئون بەش مىڭ ئادەم

ئوقۇتقۇچىسىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمى «قانداق قىلغاندا بىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتكىلى بولىدۇ؟» دېگەن ئاساسىي مەسىلىنى چۆرىدىگەن هالدا هەر خىل شەكىل، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي نەرسىلەر، تەجرىبە ئىشلەش، پىروكسىيە ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىش بىلەن دەرسخانا نەزەرىيە ئوقۇتۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئوقۇتۇش سۈپىتىنى بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس سۆزلەش ماهارىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.

مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىشى بىلەن تەڭلا، مەكتەپ ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇهىم بىر خىزمەت دەپ قاراپ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشقا قارىتا ئالاهىدە ئېتىبار ۋە ئېهتىيات بىلەن قارىدى ۋە ئىش يۈرگۈزدى. مەكتەپ ۋاقىتلىق پارتكومى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا كۆز قاراش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتۇپ 1981-يىلى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك تۈرلۈك شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ ئۈلگە تىكلەش»، «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش»، «لاياقەتلىك ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇش»... قاتارلىق تېمىلارنى مەركەز قىلغان مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ،

ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قەدەممۇ-قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىلدى. ئىلمىي بۆلۈم شى يىنجاۋ، شۇشىجىڭ، سەمەت مۇھەممەدى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەربىر سائەتلىك دەرسنى پۇختا تەييارلاش، ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈش پائالىيىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئارا بىر-بىرسىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش، ئوقۇتۇش بۆلۈملىرىنى بىرلىك قىلىپ تۇرۇپ، ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، بايقالغان مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، ياش تەجرىبىسىز ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەش، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، كەسپلەر، ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى تەڭشەش كەڭ يولغا قويۇلدى. مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەچكە، ئوقۇتۇش ئۈنۈممۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئاساسەن، مەكتەپ كەسپلەرنى تەسىس قىلىش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سۈپەت ئۆلچىمىگە ھەمدە دۆلەتنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلىپىگە ئاساسەن، 12 كەسىپنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى ۋە ئالتە كەسپىي دەرس ۋە ئاساسىي دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇش

قېتىمدىن ئېشىپ، ئەمگەك ۋاقتى 47500 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن ھاپىز باشلىق ھەممەيلەننىڭ بىردەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 315000 كۋادرات مېتىر يەر تازىلاندى. 13000 كوب توپا توشۇلدى. 844 توننا ئەخلەت يۆتكەلدى. بۇزۇلغان، چېچىلغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىن 37 توننا پولات ماتېرىياللىرى، پىششىق خىش يىغىۋېلىندى. 7980 مېترلىق يول ياسالدى. ئون مىڭ كوب مېتىردىن ئارتۇق تۇپراق ۋە 230 توننىدىن ئارتۇق قىغ توشۇپ كېلىنىپ، ئۆرەكلەر كولىنىپ 47500 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلىپ كۆكەرتىش دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەخلاقى، روھىي قىياپىتى، ئەمگەك كۆز قارىشىدا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ئومۇمنى، باشقىلارنى كۆزلەيدىغانلار كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ، بەش دانە قول سائىتى، 1178 يۈەن نەق پۇل، ئاشلىق بېلىتى، كىيىم-كېچەك . . . قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالغان 20 نەچچە ئوقۇغۇچى تېپىۋالغان نەرسىلەرنى قوغداش بۆلۈمى ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاشخانىغا ياردەم بەرگەن ئوقۇغۇچىلار 265 ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. باشقا تۈرلۈك ياخشى ئىش-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇغۇچىلار 178 ئادەم قېتىمغا يەتكەن.

1982-يىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى

كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشقا، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. 1983-يىلى بىر يىل ئىچىدە 970 پارچە قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىلدى. 1097 پارچە تۈرلۈك مەزمۇندىكى ماقالىلار يېزىلدى. بۇلاردىن يۈز نەچچە پارچىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»... قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنىڭ يۈزىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەر، تەشۋىقاتچىلار، تەتقىقاتچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەكتەپ يەنە تۈرلۈك شەكىل، كۆپ خىل مەزمۇندىكى 400 نەچچە مەيدان ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە، لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى مول ھەم راۋان قىلدى.

1983-يىلى 10-ئايدىن ئېتىبارەن، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، بۇرغىلاش باشقارمىسى، نېفىت ئېلىش 2-زاۋۇتى، نېفىت ئېلىش 3-زاۋۇتى... قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ، تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ شۇنداقلا قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپ ئىچىدە تۆت قارار مۇزىكا، ئەدەبىيات بىلىملىرى كۇرسى ئېچىپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، سەنئەت، مۇزىكا تايانچلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

ئوقۇتۇشتا، ئالدى بىلەن ئوخشاش بولمىغان كەسپلەرنىڭ

پروگراممىسنى تۈزۈپ چىقىپ، 1982-يىلى 2-مەۋسۇمدىن ئېتىبارەن ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىگە نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم، تەلەپ، قائىدىلەر بارلىققا كېلىپ، ئوقۇتۇشنى تەكشۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆلچەشكە ئاساس يارىتىلدى.

كۆپ تەرەپلىمە خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن 1982-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ۋە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85%گە يېتىپ، 1981-يىلىدىكىدىن 17% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1983-يىلى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 995 نەپەرگە يېتىپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار 228 نەپەرگە، ئايال ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر 306 نەپەرگە، پارتىيە ئەزاسى 185 نەپەرگە، ئىتتىپاق ئەزالىرى 200 نەپەرگە يەتتى. مەكتەپتىكى 11 كەسىپ تۈرى، 45 سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2242 نەپەرگە، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە پراكتىكا قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 410 نەپەرگە، مەكتەپ ئىچىدە پراكتىكا قىلىۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 1832 نەپەرگە يەتتى.

تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ نورمال رېتىمغا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ مەكتەپ تەشۋىقات، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇشقا باشلىدى. تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ پارتىيەنىڭ سىياسەت، يولىيورۇقلىرىنى، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى

1984-يىلى مەكتەپ ئومۇميۈزلۈك تەكشەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 2-ئايدىن 6-ئايغىچە بولغان تۆت ئاي ۋاقىت ئىچىدە تەكشەش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 2073 تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنامە، 976 تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، مەسئۇلىيەت بىلەن ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇكاپاتلاش-جازالاش تۈزۈملەشتۈرۈلۈپ، ھېسابات، ماتېرىيال قوللانما-تۈزۈملىرىدىن 70 نەچچىسى بارلىققا كېلىپ، ئەمگەك ئىنتىزامى تەرتىپكە سېلىندى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچى 909 نەپەر قىلىپ بېكىتىلدى. ئورگان ئىسلاھات قىلىنىپ 25% قىسقارتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئورگاندىكى بۆلۈملەر 15 كە قىسقارتىلدى. ئورگان خىزمەتچىلىرى 38.6% ئازايتىلىپ 78 ئادەمگە قىسقارتىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى بۆلۈم-ئورۇنلار 34.6% ئازايتىلىپ، بىر قىسىم ئورۇنلار قوشۇۋېتىلىپ، ئاساسىي قاتلام 17گە قىسقارتىلدى.

مەكتەپ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارمۇ زور دەرىجىدە تەكشىلىپ، تۇرسۇن ھاپىز مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ۋاڭ چاڭكۇنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئالتە نەپەر باشقارما دەرىجىلىك كادىرنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە، ئىككىسى ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە، بىرسى تولۇق كۇرس سەۋىيىسىگە، بىرسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئىلگىرىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكىلەرگە قارىغاندا بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولدى.

ئەمەلىي تەلىپىگە ئاساسەن 18 تۈرلۈك كەسپىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى ۋە 38 پارچە ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مەۋسۇملۇك، سائەتلىك دەرس ئۆتۈش پىلانى بولۇش، چوقۇم ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش بىردەك تەلەپ قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس پىلانى، دەرس ئۆتۈش سۈرئىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزئارا دەرس ئاڭلاش ۋە نازارەت قىلىشقا پايدىلىق ئاساسلار يارىتىلدى.

1983-يىلى مەكتەپ نەزەرىيە ئوقۇتۇش بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ تۆت يۈز مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، تەجرىبە سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، يۈرۈشلەشكەن تەجرىبىخانىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئون مىڭ يۈرۈش كىتاب سېتىۋېلىپ مەكتەپ كىتابخانىسىنى كۆلەملەشتۈردى.

1983-يىلى، ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلار مائارىپىدىكى مول ھوسۇللۇق بىر يىل بولدى. بۇ يىلدا 200 نەچچە نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى چوڭلار مائارىپى ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 180 نەپەر ئادەم چوڭلار مائارىپى ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ شۇ يىللىق شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان كۇرسانتلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، مەكتەپكە شان-شەرەپ كەلتۈردى.

1983-يىلى ۋە 1984-يىلى مەكتەپ يەنە شىنجاڭ، شەنشى، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن خېلى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا شۇنداقلا مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىدى.

1985-يىلى، مەكتەپ ئىلگىرىدىن تارتىپلا نەزەرىيە ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەسپىي تەجرىبە، ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قاراشتەك ناتوغرا ئوقۇتۇشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاساسىي پەنلەرنى ئوقۇتۇش — ئاساسىي پەنلەرنىڭ تەجرىبە مەشغۇلاتىنى ئىشلەش، كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇش — كەسپىي دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇش پراكتىكىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەت پراكتىكىسىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش قائىدە-تەرتىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوقۇتۇشنىڭ ھالقىلىرى چىڭ تۇتۇلغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى ۋە كەسپىي قابىلىيىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ دەرس تەييارلىقنىڭ لاياقەتلىك دەرىجىسى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش نىسبىتى 99%گە ئۆرلىدى.

تەجرىبە ئوقۇتۇشى — ئىشچىلار تېخنىكا مائارىپىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرىدۇر. 1985-يىلى مەكتەپ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە تەجرىبىخانىغا 40 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئويلىشىپ، مەكتەپتە خىراجەت قىس بولۇشىغا قارىماي ئەسلىدىكى پىلانىنى ئۈچ قاتلاپ 120 مىڭ يۈەنگە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى، سىمسىز ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، كومپيۇتېر، كاچالكا مودېلى، كۆچۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىق

مەكتەپ پارتكومى ئاساسىي قاتلامدىكى ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى ئورگاندىكى بۆلۈم كادىرلىرىغا نىسبەتەنمۇ زور دەرىجىدە يۆتكەپ تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ئەسلىدىكى 44 ياشتىن 40.4 ياشقا، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلارنىڭ نىسبىتى 73%گە، ئورگاندىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار ئەسلىدىكى 20%دىن 33%گە تەڭشەلدى. كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇش ئىشقا ئاشتى.

زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مەكتەپ پارتكومى يالغان گەپ قىلماي، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، 106 نەپەر زىيالىيغا كىتاب-ماتېرىيال قوشۇمچە ھەققى تارقىتىپ بەردى. 146 نەپەر زىيالىيغا قوشۇمچە ھەققىنى تارقىتىپ بەردى. 340 نەپەر زىيالىينىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. توققۇز نەپەر زىيالىيغا ئۇزۇقلىنىش قوشۇمچە خىراجىتى قوشۇپ بەردى. ئۈچ قېتىم 67 نەپەر زىيالىي قاتناشقان زىيالىيلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ زىيالىيلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىپ بېرىلدى. زىيالىيلارنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسى تەس بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن 13 نەپەر زىيالىي تەربىيىلىنىپ پارتىيىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بېرى زىيالىيلار ئەڭ كۆپ پارتىيىگە كىرگەن بىر يىل بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ پارتىيەلىكلەر قوشۇنىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شۇشجاڭ،
مىڭجۇن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا، سەمەت مۇھەممەدى،
مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.
سۇن چىڭكۇي، فۇباڭرېن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا
بۇ قېتىمقى مەكتەپ پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ
چاقىرىلىشى، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بېرى مائارىپ ئىشلىرىدا
چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياساپ مەكتەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات
قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.
بۇ قېتىمقى پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، مەكتەپ
پارتكومى «روھنى ئۇرغۇتۇپ، دادىل ئالغا ئىلگىرىلەپ،
مەكتىپىمىزنى غەربىي شىمالدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مەكتەپ
قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن جاراڭلىق چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا
قويدى. دەل مۇشۇ مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەكتەپنىڭ
تۈرلۈك ئىشلىرىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى.
ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىسلاھات
قىلىنىپ، ياش، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بىر تۈركۈم
زىيالىيلار رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. بىلىم
قۇرۇلمىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ، رەھبەرلىك
ئاپپاراتىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50 ياشتىن 44.5 ياشقا
تۆۋەنلىتىلدى، بىلىم قۇرۇلمىسىدا ئەسلىدىكى بىر نەپەر
تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن كادىردىن باشقا كادىرلارنىڭ ھەممىسى
ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولدى.
بۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىز كادىرلار قوشۇنىنىڭ زىيالىيلىشىش،
ياشلىشىش، ئەمەلىي خىزمەتكە ماسلىشىشچانلىقى ئىسلاھاتنىڭ
نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشتى.
ياخشى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تاللاپ ئومۇملاشتۇرۇش،
ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، تەجىربە، ئەمەلىي مەشغۇلات ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

1985-يىلى 10-ئايدا مەكتەپ خىراجەت، ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، 1980-يىلى قۇرۇلغان مەكتەپ يەسلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشچىلار بالىلار باغچىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ سانىنى 24 نەپەرگە كۆپەيتىپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى غەمدىن خالى قىلدى.

1985-يىلدىن ئېتىبارەن مەكتەپ يېڭى قوبۇل قىلىنىپ مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ تەربىيىسى، ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى، غايە تەربىيىسى، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئىستىقبالى... قاتارلىق جەھەتلەردىن دوكلات بەرگۈزۈپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا كۈچ قوشتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ئۇرغۇپ، ئۆز كەسپىنىڭ مۇھىملىقىغا تونۇشى چوڭقۇرلاشتى.

1986-يىلى، مەملىكىتىمىزدە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئوخشاشلا ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. مۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا مەكتىپىمىز 2-نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايدا، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەڭشىلىپ، ۋاڭ چاڭكۈن پارتكوم سېكرېتارلىقىغا، لى

يولغا قويۇلدى. «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىنى باھالاشتا لاياقەتلىك بولمىغانلارنى ئۆرلەپ ئوقۇشقا يول قويماسلىق» بەلگىلەندى. بۇ تۈزۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىدە نۇرغۇنلىغان قولايلىق شارائىتلار يارىتىلدى. ئىككىنچىدىن، ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سىنىپتا قالدۇرۇش ۋە سىناقتا ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ تۈزۈملەر ئۆگىنىشتە ناچار، ھورۇن، ئەدەپ-ئەخلاقى ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى تۈزۈتۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى. ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش بۆلۈمى سىنىپ مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى ئوقۇتۇش بۆلۈملىرىدە مەخسۇس ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرغۇچى خادىملار تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇلار ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى، سىنىپ مەسئۇللىرى، ئىتتىپاق كومىتېتى، قوغداش بۆلۈمى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ئېنىق بولغان باشقۇرۇش مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى چارە-تەدبىرلەر يۈرگۈزۈلدى. ئوخشاش بولمىغان كەسپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ساپاسىغا قارىتا تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ھەم بۇ كۆرسەتكۈچلەرگە يېتىشتىكى قەدەم-باسقۇچلار كونكرېتلاشتۇرۇلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ مەكتەپ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەخسۇس خادىملار

ئوقۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىشىشغا ياردەم بېرىش، دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن تەجرىبە ئوقۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئوقۇتۇش ئاخباراتى» نىڭ 1-سانى بېسىلىپ تارقىلىشقا باشلىدى.

1986-يىلىدىن ئېتىبارەن مەكتەپ دەرسخانا نەزەرىيە ئوقۇتۇشى، تەجرىبىخانا كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي مەشغۇلات ئوقۇتۇشىنى ئۆزئارا قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش يولىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دەرس ئاڭلاش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش، سوئال چىقىرىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى باھالاش، ئوقۇتۇشنى تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ھەمدە «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قائىدىلىرى» قاتارلىق تۈزۈلۈپ، ئوقۇتۇش-ئوقۇش بىردەك ئۆلچەملەشتۈرۈلدى.

1986-يىلى ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭىچە سىناقلار ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭىچە تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مۇكەممەللەشكەن، قېلىپلاشقان، سىستېمىلاشقان، ئەقىلغە مۇۋاپىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلدى. بىرىنچىدىن، ئوقۇش مۇكاپات تۈزۈمى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىنى باھالاپ بېكىتىش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاپ نومۇر قويۇش

تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشىق
قىلدۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئەمەلىي تەربىيىلەش تەجرىبىسىگە
ئېرىشتى. مۇشۇ ئاساستا، 1987-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، پۈتۈن
مەكتەپتىكى ئۈچ مىڭچە كونا-يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا كەڭ
كۆلەملىك ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش باشلاندى. مەكتەپتىكى
ئۈچ چوڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىدىكى 57 سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن
بىر ھەربىي مەشىق پولكى تەشكىللەندى. ھەربىر ئوقۇتۇش
بۆلۈمى بىر باتالىيون، ھەربىر سىنىپ بىر روتا (لىيەن) قىلىپ
تەشكىللىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
36141-قىسىمنىڭ تەلىم-تەربىيە پولكىدىن تەكلىپ قىلىپ
ئەكەلگەن 60 نەپەر كوماندىر-جەڭچى مەشقاۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي مەشىق يېرىم ئاي ئېلىپ
بېرىلدى.

مەشىق ھەربىي قىسىملارنىڭ يېڭى ئەسكەرلەرنى
تەربىيىلەش تۈزۈملىرى، سەپ تۈزۈش قائىدىلىرى، ۋەزىپە
بۇيرۇقلىرى، قاتتىق ئىنتىزامى ئاستىدا ئالدىن كۆزلەنگەن
مەقسەتكە يەتتى.

ھەربىي مەشىق جەريانىدا مەكتەپ 36141-قىسىم ھەربىي
تەلىم-تەربىيە پولكىنىڭ پولكوۋنىكى ئىلگىرى جۇڭگو-ۋېيتنام
ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 8-چارلاش چوڭ
ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدە بىر يىل
ئەمەلىي ئۇرۇشقا قاتناشقان چيۇجۇنبىننى مەكتەپكە تەكلىپ
قىلىپ ئەكىلىپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا
قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن دوكلات بەرگۈزدى. يەنە،
ئىلگىرى قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ،

ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىملىق خىزمەتلىرىنى باشقۇرغاندىن باشقا يەنە ئۆگىنىشتە ياخشى، ئىدىيە-ئەخلاقى ياخشى، غايىلىق، باشقۇرۇش-تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇيۇشمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ دائىملىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە دادىللىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر قايسى كەسىپلەر، بۆلۈملەردىكى ئوقۇغۇچىلار تارماق ئۇيۇشمىلىرىغىمۇ ياخشى ئوقۇغۇچىلار تاللاپ سەپلەندى. بۇ بىر يىلدا ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسى ھەر قايسى تارماق ئۇيۇشمىلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇپلا قالماي يەنە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش، پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى.

1986-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە زور ئەمەلىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىدارە-شەھەر تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «قوش مەدەنىيەتلىك ئورۇنلار» نى تەكشۈرۈپ، باھالاش خىزمىتىدە، مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەر بويىچە ئومۇمىي نومۇردا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، شەرەپ بىلەن ئىدارە-شەھەر دەرىجىلىك «قوش مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

1986-يىلى 9-ئايدا، مەكتىپىمىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 36141-قىسمى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىر قىسىم قابىلىيەتلىك تەجرىبىلىك كوماندىر-جەڭچىلەرنى مەكتىپىمىزگە

ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دەرس ئىنتىزامى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

(3) ئوقۇغۇچىلار ھەربىي مەشىق ئارقىلىق گىمناستىكا ۋە باشقا پائالىيەتلەردە سەپ تۈزۈش، ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ ئاساسلىق قەدەم-باسقۇچلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ھالەتلىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى.

(4) ھەربىيلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇق كۈچەيدى. ئوقۇغۇچىلار ھەربىيلەرنىڭ جاپالىق مەشىقىغە، ئەمگىكىگە، تۆككەن تەرلىرىگە قايىل بولدى. 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەربىيلەر ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ قىسمىغا قايتقاندا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى تەربىيلەش ئۈچۈن ھالال تەر تۆككەن ھەربىيلەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكتى. مەكتەپنىڭ ئىچى-تېشى قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى.

1983-يىلىدىن ئىلگىرى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى ئاساسەن سىنىپتا ئېلىپ بېرىلغان نەزەرىيە ئوقۇتۇشىنى ئاساس قىلغاچقا، بۇ خىل نامۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەكتەپ پارتكومى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 1984-يىل 4-ئايدا مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن 15 تۈرلۈك تەجرىبىنى ئىشلىگىلى بولىدىغان شارائىت يارىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يىلمۇ-يىل توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، تەربىيلەشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھەر يىلى 45 تۈرلۈك تەجرىبىنى ئىشلىگىلى بولىدىغان شارائىتنى يارىتىش ئارقىلىق،

نېفىتلىكنىڭ 1-سېپىدە، گېئولوگ، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش كەسىپلىرىدە جاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي، بەلكى خىزمەت ئورنىدا تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ كەسىپداشلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ، نېفىت ئىدارىسىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ شان-شەرەپ تەقدىرلەشلىرىگە ئېرىشكەن تېخنىك تايانچلىرىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ چىققان تېخنىك ئىشچىلارنىڭ نېفىتلىكنىڭ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى رولىنى، ئورنىنى، قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى، نېفىتلىكنىڭ ئىستىقبالىنى دوكلات قىلدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئۆرلىتىپ، ئىرادىسىنى چىڭىتتى. بۇ پائالىيەت دوكلاتلارنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

(1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىل ئىنتىزامچانلىقى ئومۇميۈزلۈك كۆچەيدى. ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپىنى بەرپا قىلىش، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئابرويىنى شان-شەرەپلىرىنى قوغداشقا تىرىشىش مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىۋىزىملىق كۆز قارىشى كۆچەيدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە، ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش نىسبىتى

رۇلدى.

1987-يىل، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە سىستېمىلاشقان تۈزۈملەر ئورنىتىلدى. «مائارىپنى باشقۇرۇش ھۆججەتلەر توپلىمى» تۈزۈلۈپ، بېسىلىپ چىقىلىپ، تۇرلۇك ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىگە ئىشەنچلىك ئاساسلار تۇرغۇزۇلدى.

1987-يىل 12-ئايغا قەدەر مەكتەپ كىتابخانىسىدا 64235 يۈرۈش كىتاب بار بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتىكى كىتابلار 10852 يۈرۈش). بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت كىتابلار 27044 يۈرۈش، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت كىتابلار 26339 يۈرۈش. كىتابخانىنىڭ تۆت ئېغىزلىق قىرائەتخانىسى، ئىككى ئېغىزلىق ئارىيەت ئېلىش بۆلۈمى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈم بويىچە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىۋېتىلدى.

1988-يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلارغا 10% ئوقۇتقۇچىلىق قوشۇمچە مائاشى تارقىتىلىپ بېرىلىشكە باشلىدى.

1990-يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مەخسۇس كەسپىي يىغىن ئېچىپ ئىدارە-شەھەر نېمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىشچىلار تېخنىكا مائارىپىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ يارامىلىق تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، قاراماي نېفىت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆلىمىنى 6000غا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

1990-يىل 11-ئاينىڭ 22-كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەي جۈشېڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشخانا، باشقارما

1987-يىلىغا كەلگەندە 153 خىل تەجرىبىنى بىمالال ئىشلىگىلى بولىدىغان ئەمەلىي شارائىت، لابورانت، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى.

1987-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ خىمىيە، فىزىكا، مانتىيورلۇق، مېتاللورگىيە، سىمسىز ئېلېكترون، مېخانىكا، راستور، ئانالىز، گىدراۋلىكا، مىكروسكوپ، گېئولوگ، تارازا تەجرىبىخانىلىرى، بىر گېئولوگىيە كۆرگەزمىخانىسى ۋە بىر كومپيۇتېر ئىشخانىسى بارلىققا كېلىپ، نەزەرىيە دەرسلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىلەن بىرلىشىش نىسبىتى %65 گە يەتتى. 28 دانە كومپيۇتېر ۋە تۈرلۈك ئىلغار ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلدى.

1987-يىلى، مەكتەپ ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە بىر قىسىم يېڭىچە چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خېلى ياخشى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەكتەپ پارتكومى ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، مېخانىزم، پراكتىكا ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىنى قۇرۇپ چىقىپ، ھەر قايسى كەسپىي ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق كەسىپ، سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان، پراكتىكا ئوقۇتۇش بۆلۈمى مەكتەپ ئىچى ۋە نېفىتلىكنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسىغا قاتنىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدىغان قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ ئىسلاھات مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇردى ۋە قولايلىقلاشتۇ-

## 2. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

1979-يىل 6-ئايدا، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن ئېتىبارەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مەكتەپكە مەبلەغ سېلىشقا باشلاپ، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 720 مىڭ كۋادرات مېتىردىن، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 858292 كۋادرات مېتىردىن ئاشتى. قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئورنىتالايدىغان، ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، مۇلازىمەت ئۈسكۈنىلىرى، شەرت-شارائىتلىرى تولۇق بولغان، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىغا بىۋاستە قاراشلىق باشقارما دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپ. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، مۇلازىمەت، تەجرىبە، پراكتىكا ئەسلىھەلىرىنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي ئەشيا سەرپ قىلىپ، تۇرلۇك كەسپلەر بويىچە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ زور ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ.

مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلىرى تۆۋەندىكىچە:

تۆت قەۋەتلىك ئۈچ چوڭ ئوقۇتۇش بىناسى (ئەسلىھەلىرى تولۇق 106 ئېغىزلىق سىنىپ بار)، ئىككى تەجرىبىخانا بىناسى (تەجرىبىخانا 36 ئېغىز، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى 449 يۈرۈش، ئۈسكۈنىلەرنىڭ قىممىتى بەش مىليون 200 مىڭ يۈەن)، تۆت قەۋەتلىك بىر كىتابخانا بىناسى (مىللىيچە، خەنزۇچە، چەت ئەل يېزىقلىرىدىكى كىتابلار 143500 يۈرۈش 129 ئورۇندىكى پراكتىكا بازىسى (پراكتىكا ئورنى، ئۈسكۈنىلىرى، سىنىپلار

مەسئۇللىرىنى مەكتىپىمىزگە يىغىپ ئەكىلىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە 4500 ئوقۇغۇچىغا لايىق شارائىتنى تولۇق هازىرلاپ، داۋاملىق كۆلىمىنى چوڭايتىپ ئۈچ يىل ئىچىدە ئالتە مىڭ ئوقۇغۇچىغا لايىق شارائىتنى هازىرلاپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى 6000غا يەتكۈزۈشنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

1992-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 1058 نەپەرگە، كەسىپلەر 30 نەچچە خىلغا، سىنىپلار 122گە كۆپىيىپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 4640 نەپەرگە يېتىپ، 6000 ئوقۇغۇچىغا لايىق ئوقۇتۇش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى كۆلەملىشىشكە باشلىدى.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ، جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ، دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ، قېرىنداش مەكتەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، تەكشۈرگۈچىلىرى، تەجرىبە ئۆگەنگۈچى-ئالماشتۇرغۇچىلىرى، كەسىپ ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر كۆپ قېتىم ئارىلىقنى يىراق، شارائىتنى ئۆزگىچە كۆرمەي مەكتىپىمىزگە، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش، ئاساسىي پەنلەر، كەسپىي پەنلەر، تەجرىبە، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىمىزنى ئۆگىنىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باهالاشقا كەلدى.

زور مەبلەغ سالدى (تۆرلۈك خىراجەت، چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

### 3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى تېخنىك خادىملار ۋە يەرلىكتىن تەكلىپ قىلىپ يۆتكەپ كېلىنگەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ۋە مەلۇم ئوقۇتۇش ئىستاجىغا ئىگە بولغانلاردىن بولۇپ 160 نەچچە ئادەمدىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەشكىللەنگەن ئىدى. 1980-يىلى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومى، چۇڭچىڭ نېفىت تېخنىكومى جياڭخەن نېفىت گېئولوگىيە تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 131 نەپەر ئوقۇغۇچىنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلدى. بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ، كەسپىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئاساسىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى قىس بولۇشتەك ئېغىر قىيىنچىلىقنى خېلى زور دەرىجىدە ھەل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر يىلى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بۇ مەكتەپكە ئۈزلۈكسىز تەقسىم قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 1983-يىلى ۋە 1984-يىللىرى مەكتەپ يەنە شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شەنشى، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم مەلۇم ئوقۇش تارىخىغا ۋە ئوقۇتۇش ئىستاجىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىدى.

تولۇق)، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى 11 دوم، ئورگان بىر بىنا، تەنتەربىيە زالى بىر (1812$m^2$)، ئۆلچەملىك يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى (18000$m^2$)، چىراغلىق توپا مەيدانى (2500$m^2$)، تەنھەرىكەت مەيدانى (6000$m^2$)، باسما زاۋۇتى، تۆت قەۋەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش مەركىزى، يەتتە ئورۇندا مۇسۇلمانچە، خەنزۇچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، قىشلىق كۇلۇب، يازلىق كىنوخانا، دوختۇرخانا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى، مىللىي پائالىيەت سورۇنى، مىللىيلارنىڭ جەسەت قويۇش ئورنى، يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ، تۇرمۇش مۇلازىمەت پونكىتى، شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ، پېنسىيونېرلار پونكىتى، تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتى، بالىلار باغچىسى، كۆرگەزمىخانا، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، چىندا تەرەققىيات باش شىركىتى (تەۋەلىكىدە قۇرۇلۇش-قۇراشتۇرۇش شىركىتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، تۆمۈر ئىشىك-دېرىزە زاۋۇتى، ئىستولبا زاۋۇتى، ترانسپورت شىركىتى، كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە زاۋۇتى قاتارلىق تارماق شىركەتلەر بار)، ئائىلىلىكلەر بىناسى 25 دوم، چوڭ تىپتىكى سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋە ساقلاش ئورنى، پارنىك، چوڭ-كىچىك ئامباز، توڭلىتىش ئىسكىلاتى، توخو فېرمىسى، چوشقا فېرمىسى، ماشىنا ئەترىتى، تۈرلۈك چوڭ-كىچىك ئاپتوبۇس-ماشىنىلار، ئىككى ئورۇندا كاتول، توك، سۇ، پار، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى... قاتارلىق مۇكەممەللەشكەن تۇرمۇش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بار. 1979-يىلى 6-ئايدىن 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا ئىككى يۈز مىليون يۈەن ئەتراپىدا

ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش، مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى سىرتقا ئەۋەتىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولدى. 20 يىلدىن بىرى مەكتەپ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن 30 نەچچە پروفېسسور، لېكتورنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئۈلگىلىك دەرس ئۆتكۈزۈش، ئوقۇتقۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىسلاھات قىلىشقا ئوخشاش خىزمەتلەرگە قويدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى نۆۋەت، پۇرسەت بىلەن شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كەسپىي پەنلەر ۋە چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ، 700 نەچچە نەپەر ئادەمنى قايتا تەربىيىلىنىش پۇرستىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەكتەپ يەنە ياش، ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

مەكتەپتىكى 120 نەپەردىن كۆپ مىللىي ئوقۇتقۇچى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش، يىغىپ تەربىيىلىنىش، ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش، كەسپىي تېخنىكا مەشغۇلات ماھارىتى بويىچە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي مەشغۇلات ماھارەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش نەتىجىسىدە، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى نەزەرىيە ئوقۇتۇش، تەجرىبە مەشغۇلاتى ۋە كەسپىي تېخنىكا مەشغۇلاتى سەۋىيىسىگە يېتىپ ماس ھالدىكى ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى، دۆلەت

1985-يىلىدىن ئېتىبارەن مەكتەپ كەسپىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي مەشغۇلات ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئەمەلىي پراكتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي نەزەرىيە ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش، ئوقۇتۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يىغىپ تەربىيىلەش، قىشلىق، يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە، نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، كەسپىي پراكتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەسپىي نەزەرىيىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كەسپىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەمەلىي مەشغۇلات بىلەن، ئەمەلىي مەشغۇلات ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەسپىي نەزەرىيە دەرسلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قوش ماھارەتكە ئىگە قىلدى.

1986-يىلىدىن ئېتىبارەن مەكتەپ يەنە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى «پىداگوگىكا»، «پسىخولوگىيە» ۋە مائارىپ ئىلمى تەتقىقات پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا مائارىپ پەنلىرىدىن سىستېمىلىق دەرس ئۆتكۈزۈپ كونسۇلتاتسىيە قىلدۇرۇپ، بىر تۇتاش ئىمتىھانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارغا كۇرس پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش، كۈچەيتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ماس ھالدا پىلان، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئۇسۇل سىرتتىن تەجرىبىلىك

كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

**4. سىرتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان كەسپىي تەربىيە**

1985-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا باش شىركىتى بىلەن ئەنگلىيە پەن-مەدەنىيەت جەمئىيىتى (CEZG—540215 نامىلىق) جۇڭگو تەرەپكە ئەنگلىيىنىڭ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. ھەمدە ئەنگلىيە تەرەپ ئەڭ ئاخىرقى دوكلاتنى KOC (قاراماي نېفىت-تەبىئىي گاز چارلاش-ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى) قا تاپشۇردى.

1986-يىل 10-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بولغان بېرىم ئاي ئىچىدە، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەي جۇشېڭ KOC يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئەنگلىيىدە زىيارەتتە بولدى. ھەمدە ئەنگلىيە تەرەپتىن تەپسىلىي ماتېرىيال ۋە تېزىملىكلەرنى تاپشۇرۇۋالدى.

1987-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە، قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومى يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئەنگلىيىگە بېرىپ، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، قۇدۇق رېمونت، قۇدۇق ئۆلچەش... قاتارلىق يەتتە خىل كەسىپتىن سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىش ۋە تەجرىبە، ماتېرىيال توپلاشقا ئەۋەتتى. ئەنگلىيە پەن-مەدەنىيەت جەمئىيىتى قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىنى ئۈسكۈنە-ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئۈسكۈنىلەر قاراماي نېفىت تېخنىك ئىشچىلار تېخنىكومى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1987-يىل 11-ئايدىن ئېتىبارەن قاراماي نېفىت ئىشچىلار

بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا مەشغۇلات دەرىجە گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولدى.

كۆپ ساندىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، تىل-يېزىق ئۆتكىلى، كەسپىي تېخنىك ماھارەت ئۆتكىلى، بىلىم ماھارەت ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ئوخشاش بولمىغان كەسپتىكى خەنزۇ سىنىپلارغا خۇددى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش كەسپىي نەزەرىيە پەنلىرى، تەجرىبە مەشغۇلاتى، كەسپىي تېخنىك مەشغۇلاتىدىن دەرس بەرگۈدەك سەۋىيىگە يەتتى. دەل مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىدە بىر قىسىم مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئوخشاش بولمىغان كەسپتىكى خەنزۇ سىنىپلارغا كەسپىي نەزەرىيە، ئاساسىي پەنلەر، كەسپىي تېخنىكا دەرسلىرىنى بېرىۋاتىمىز (مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىدە خەنزۇ سىنىپلارغا دەرسكە كىرىۋاتقان مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرسىمۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچلىرىدا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان، مىللىيچە مەكتەپتە ئوقۇغان بەلكى ئالىي مەكتەپ باسقۇچلىرىدىلا خەنزۇ تىل-يېزىقلىرىدا ئاساسىي پەنلەر ۋە كەسپىي پەنلەردىن تەربىيىلەنگەنلەردۇر).

مەكتەپتە ھازىر 680 نەپەر ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار 335 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار 131 نەپەر بولۇپ، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك (لېكتور) كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 80% نى، تۆرلۈك كەسپىي لاياقەتلىك تېخنىك ماھارەت دەرىجىدە كىنىشكىگە ئىگە بولغانلار ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 60% دىن

تېخنىكلارنى مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى بەلگىلىدى.

### 5. پراكتىكا ئوقۇتۇش ئەھۋالى

1980-يىلى، مەكتەپنىڭ پراكتىكا زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر يەنە 12 ئورۇندا ئەمەلىي مەشغۇلات پراكتىكا بازىسى، ئىككى تەجرىبىخانا بىناسى ۋە بىر كومپيۇتېر مەركىزى قۇرۇلۇپ، مەكتەپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەجرىبە ئوقۇتۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي مەشغۇلات پراكتىكىسىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) بۇرغىلاش ئوقۇتۇش پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا، نەچچە ئون قۇدۇقنى بۇرغىلاش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىغان، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىنىقىدىن تولۇق ئۆتكەن، بارلىق چوڭ-كىچىك ئۈسكۈنە-زاپچاسلىرى تولۇق بولغان، چوڭ تىپتىكى داچىڭ-130 تىپلىق بىر بۇرغىلاش جازىسى، ماتورخانا، كران، راستور ناسوسى، راستور كۆلچىكى، 600 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇش ۋە ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلا ۋاقىتتا ئىككى سىنىپ، 80 نەپەر پراكتىكانتنىڭ بۇرغىلاش ئەمەلىي پراكتىكىسى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان، بىخەتەرلىك، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن بۇرغىلاش ئەمەلىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئورنىدىن ئىبارەت.

(2) نېفىت ئېلىش ئوقۇتۇش پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا ئۈچ فونتان قۇدۇق، ئۈچ سۇمۇرۇپ نېفىت

تېخنىكومى تەربىيىلەش مەركىزى تۇنجى قېتىم ئەنگلىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، قاراماي نېفىتلىكى ۋە قېرىنداش نېفىتلىكلەر ئۈچۈن بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، قۇدۇق رېمونت، قۇدۇق ئۆلچەش. . . قاتارلىق يەتتە خىل كەسىپ بويىچە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلار ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر بىلەن قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن دەرسخانىدا نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىي تېخنىكا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىپ، تېخنىك ئىشچىلارنىڭ يېڭى تېخنىكىغا بولغان تەلىپىنى قاندۇردى.

1984-يىلدىن 1992-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى 22 خىل كەسىپ تۈرى بويىچە 58 سىنىپلىق تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ، دەرىجە بويىچە نېفىتلىككە تېخنىك ئىشچىلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ تەربىيىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى.

1992-يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھۆججەت چۈشۈرۈپ، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇشنى، كۆلىمىنىڭ 500 ئادەمگە لايىق بولۇشىنى، ئاساسلىقى: پۈتۈن نېفىت ئىدارىسىنىڭ بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، قۇدۇق رېمونت، قۇدۇق ئۆلچەش، راستور قاتارلىق كەسىپلىرىدىكى تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ۋە بىر قىسىم

(5) ئاسارە ئەتىقىلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش پراكتىكا بازىسى

بۇ ئاسارە ئەتىقىخانىغا تۈرلۈك تىپتىكى نۇر بۇرايدىغان مىكروسكوپ، بىئولوگىيىلىك مىكروسكوپ، تۈرلۈك جىنسلار، مىنېراللار، جانلىق ئورگانىزملار. . . قاتارلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى، قۇدۇقلاردىن چىقىرىلىۋېلىنغان ھەر خىل يەر قاتلاملىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى، تاشقا ئايلانغان مەۋجۇداتلارنىڭ ئابىدىلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇلار نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇتۇشتا مۇھىم ئەمەلىي قىممەتكە، ماددىي ئاساسلارغا ئىگە.

(6) سۇۋاركا پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا 782 كۋادرات مېترلىق ئىمارەتتىن تەركىب تاپقان ئوقۇتۇش پراكتىكا سېخلىرى، تۇز ئېقىملىق سۇۋاركا ماشىنىسىدىن 10 يۈرۈش، 400 تىپلىق تەتۈر ئېقىملىق سۇۋاركا ماشىنىسىدىن ئۈچ يۈرۈش، 160 تىپلىق تەتۈر ئېقىملىق سۇۋاركا ماشىنىسىدىن ئالتە يۈرۈش، ئۆزگىرىشچان ئېقىملىق سۇۋاركا ماشىنىسىدىن ئۈچ يۈرۈش، ئاپتوماتىك كېسىش ماشىنىسىدىن ئۈچ يۈرۈش، نۇسخا چىقىرىپ كېسىش ماشىنىسىدىن ئۈچ يۈرۈش، سۇۋاركىلاش مودېللىرىدىن ئىككى يۈرۈش، تۈرلۈك گاز سۇۋاركا، گاز بىلەن كېسىش ماشىنىسىدىن 15 يۈرۈش بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 90 نەپەر پراكتىكانت سۇۋاركىغا ئائىت توك، گاز بىلەن كەپشەرلەش ۋە كېسىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

(7) ستانوك پراكتىكا بازىسى

968 كۋادرات مېترلىق چوڭ تىپتىكى ئىمارەت ئىچىگە

ئالىدىغان قۇدۇق، ئۈچ سۇ بېرىش قۇدۇقى، ئىككى دانە ئۇنىۋېرسال كاچالكا، ئېقىم ئۆلچەش، ئۇسكۇنە-زاپچاسلىرى، ئىسسىقلىق ساقلاش ئۇسكۇنىلىرى، سۇ تەقسىملەش، ماتۇرۇش ئۇسكۇنە-زاپچاسلىرى، دەرسخانا قاتارلىق شارائىتلار تولۇق بولغان، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ سىنىپلىق، 120 نەپەر پراكتىكانت نېفىت ئېلىش ئېقىم مىقدارىنى ئۆلچەش، سۇ بېرىش، ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش-ساقلاش ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئورنىدىن ئىبارەت.

(3) قۇدۇق رېمونت پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا، قۇدۇق رېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ، سىناقتىن ئۆتكەن بىر دانە قۇدۇق رېمونت جازىسى، قۇدۇق رېمونت ماشىنىسى، كران، ئايرىغۇچ، سۇ تەقسىملىگۈچ، 543 كۋادرات مېتىرلىق ئىمارەت، ئامبار، سىنىپ قاتارلىقلار بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى سىنىپلىق، 80 نەپەر پراكتىكانتنى قۇدۇق رېمونت ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسى بىلەن شۇغۇللاندۇرغىلى بولىدۇ.

(4) يەر ئاستى قۇرۇلما پراكتىكا بازىسى

بۇ جاي نېفىت ئېلىش، نېفىت قۇدۇقلىرىغا ئارىلاپ سۇ بېرىش، نېفىت ئاققۇزۇش مودېل كۆرسەتكۈچلىرى، يەر قاتلىمى، نېفىت قاتلىمى، جىنسلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن نېفىت ئېلىش، سۇ بېرىش ئۇسۇللىرى، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەش قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ ئوقۇتۇش بارلىققا كەلتۈرۈلگەن پراكتىكا بازىسىدىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەت پراكتىكىسى ئېلىپ بارالايدۇ.

(11) شوپۇر تەربىيىلەش ۋە ماشىنىلارنى رېمونت قىلىش پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا تۈرلۈك تىپتىكى كىچىك-چوڭ 53 ماشىنا، ئىككى يۈرۈش ئىلغار كۆرسەتمە مودېل، ماتور، تېزلىك ئۆزگەرتىش ساندۇقى ۋە تۈرلۈك ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر تولۇق بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ سىنىپ، 120 ئوقۇغۇچى ئەمەلىيەت پراكتىكىسى بىلەن بىمالال شۇغۇللىنالايدۇ.

(12) ئاشپەزلىك پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا مۇسۇلمانچە، خەنزۇچە ئىككى پراكتىكا ئاشخانىسى بولۇپ، ھەربىر ئاشخانىنىڭ كۆلىمى 1260 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 300 ئادەم تاماقلىنالايدۇ. ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان 40 كىشىلىك پراكتىكا ئورنى بولۇپ بىرلا ۋاقىتتا تۆت سىنىپ، 160 ئوقۇغۇچى ئۇن تاماقلىرى، سەي تائاملىرى، ئاشخانا مۇلازىمەتچىلىكى، تەم تەڭشەش، سەي-تائاملارنى تەڭشەش، تائام، سەي، ئىچىملىك، تاماق قاچىلىرىنى گۈل كەلتۈرۈپ تىزىش... تۈرلىرى بويىچە ئەمەلىيەت پراكتىكىسىنى ئېلىپ بارالايدۇ.

(13) كومپيۇتېر مەركىزى

بۇ ئورۇندا تۈرلۈك تىپتىكى ھەر خىل ساھە، سىستېمىلار بويىچە بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئەقلى ئەمگەك يۈكىنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىشكە ئەمەلىي ياردەم بېرەلەيدىغان، قارامايىنىڭ ھازىرقى شارائىتىغا نىسبەتەن ئىلغار بولغان، كۆپ ئىقتىدارلىق، قولايلىق، كۆركەم كومپيۇتېرلار سەپلەنگەن بولۇپ، ياردەمچى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى بىلەن

قىرىش ستانوكىدىن 18 يۇرۇش، شىلىش ستانوكىدىن ئىككى يۇرۇش، رەندىلەش ستانوكىدىن ئىككى يۇرۇش، تۆشۈك تېشىش ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، تۈزلەش ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، قىستۇرۇش ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، ھەرىدەش ستانوكىدىن بىر يۇرۇش، قومچاقتىن ئۈچ يۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ بىرلا ۋاقىتتا 50 نەپەر ئوقۇغۇچى مېخانىزىملارنى، ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ياساش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

(8) سېلىسارلىق پراكتىكا بازىسى

بۇ پراكتىكا بازىسى ئىككى يۇرۇش، چوڭ ئالتە ئېغىز ئۆيگە 130 يۇرۇش سېلىسارلىق، قىرمىچىلىق ئۈسكۈنىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن شەكىللەنگەن بىرلا ۋاقىتتا 130 نەپەر ئوقۇغۇچى سېلىسارلىق، قىرمىچىلىق، تۈرلۈك تۈرۈبىلارنى سەپلەش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئورۇندۇر.

(9) مانتيورلۇق پاراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، مانتيورلار تەجرىبىخانىسى، ئېلېكتر ئېقىم تەجرىبىخانىسى ھەمدە تۈرلۈك يۇرۇشلەشكەن ئەسۋاب ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلا ۋاقىتتا 120 ئوقۇغۇچى ئەمەلىيەت پراكتىكىسى ئېلىپ بارالايدىغان بازىدىن ئىبارەت.

(10) ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە پراكتىكا بازىسى

بۇ بازىدا تۆت تونىدىن يۇقىرى، ئەسلىھەلىرى تولۇق، يۇرۇشلەشكەن ئون كاتول ۋە ئىسسىقلىق تېخنولوگىيە تەجرىبىخانىسى، كاتولدا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى ئانالىز قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئورنى قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، بۇ ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى سىنىپلىق، 80 ئوقۇغۇچى

تەجرىبىخانىسى، سىمسىز ئالاقە تەجرىبىخانىسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە تەجرىبىخانىسى، تېپلو تېخنىكا تەجرىبىخانىسى، سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىخانىسى قاتارلىقلاردۇر.

مەكتىپىمىزنىڭ ئىچىدە ئەسلىھەلىرى زامانغا لايىق تەجرىبىخانىلار، پراكتىكا بازىلىرى بولۇپلا قالماستىن، مەكتەپ 20 يىللارغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى نېفىت ئېلىش 1-زاۋۇتى، 2-زاۋۇتى، 3-زاۋۇتى، بۇرغىلاش باشقارمىسى، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات باشقارمىسى... قاتارلىق تۈرلۈك كەسپىي ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا مەخسۇس پراكتىكانت ئوقۇغۇچىلارنى يىلمۇ-يىل، تۈركۇم-تۈركۇملەپ ئەۋەتىپ، يۇقارقى ئورۇنلاردا پراكتىكانت ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، پراكتىكانتلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى تەرتىپ-پرىنسىپلارنى تۈرغۇزۇپ، مۇكەممەل بولغان، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەسپىي نەزەرىيە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيىلەش سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلدى.

قىسقىسى تۈرلۈك ئاساسىي پەنلەرگە دائىر تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرىنىڭ، تۈرلۈك سانائەت تېخنولوگىيە پەنلىرىگە دائىر ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكا ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلىقى، سان-سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، ئەمەلىي شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكى قاتارلىق ئومۇمىي جەھەتلەردە قاراماي نېفىت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكىدىكى 100دەك تەڭ دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئىچىدە شۇنداقلا غەربىي-شىمالىي رايوندىكى ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلاردىكى بارلىق تەڭ دەرىجىلىك ئىشچىلار تېخنىكومى مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپلەر، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

بىرلىكتە بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ سىنىپ، 120 ئوقۇغۇچىنى كومپيۇتېر ئەمەلىي مەشغۇلاتى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. نۆۋەتتە مەكتىپىمىزدە تۈرلۈك تىپتىكى ئىلغار كومپيۇتېردىن 200دىن كۆپرەكى بار.

(14) ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بازىسى

مەكتەپنىڭ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تېلېكامېرا، تەھرىرلەش ماشىنىسى، ئىكرانغا خەت كىرگۈزۈش ماشىنىسى، سىن ئالغۇ-قويغۇ، 100دەك تېلېۋىزور، كۆزىتىش ئۈسكۈنىسى، ئۈن ئالغۇ، يىراقتىن كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرى، پروكسىيە ئاپپاراتى... قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغاندىن سىرت يەنە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە لېنتىغا ئېلىش ئۆيى، فونېتىكىلىق ئوقۇتۇش ئۆيى، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىلىرى، يەر يۈزى سۈنئىي ھەمرا قوبۇللاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار بار.

(15) تەجرىبىخانىلار

نۆۋەتتە مەكتەپتە ئىككى قەۋەتلىك بىر، ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئىككى تەجرىبىخانا بىناسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبە مەشغۇلات سىنىپلىرى 36 ئېغىز، چوڭ ئۈسكۈنىلەر 449 يۈرۈش، قىممىتى بەش مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇلار:

ئائنئورگانىك خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئورگانىك خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئانالىز خىمىيە تەجرىبىخانىسى، فىزىكا تەجرىبىخانىسى، راستور تەجرىبىخانىسى، گېدرو مېخانىكا تەجرىبىخانىسى، مېتاللورگىيە تەجرىبىخانىسى، گېئولوگىيە تەجرىبىخانىسى، مانتيورلۇق تەجرىبىخانىسى، مېخانىكا

بولۇمى باشقۇرۇش، ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش بۆلۈمى بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش، بىر تۇتاش تەكشۈرۈش، بىر تۇتاش خۇلاسىلاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى. مۇشۇ ئاساستا مەكتىپىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ئىشچىلار تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا قارىتا بىر قىسىم ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلىمىلەرنى كىرگۈزدى. ئەسلى نىزامنامىنىڭ 35-ماددىسىدىكى «قانۇن-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇش، مەكتەپتىن قوغلاش چارىسى قوللىنىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىلەرگە قارىتا مەكتەپ قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قارىتا كونكرېت، ئىنچىكە تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن يەتتە تۈرلۈك تەپسىلىي چارە كۆرۈش نىزامنامىسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق نومۇرىنى باھالاش تۈزۈمى»، «سىنىپ مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپلىرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ هاراق ئىچىشىنى چەكلەش تۈزۈملىرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى، ئاشخانىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان تۈزۈملىرى»، «پراكتىكانت ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاش تۈزۈملىرى»... قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئەمەلىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويدى.

ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش

مەكتەپلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا.

## 6. ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتى

مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ كەلگەندىن ئېتىبارەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتنىڭ بىرسى قىلىپ باشتىن-ئاخىرى چىڭ تۇتۇپ كەلدى.

1980-يىلىدىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، سىنىپ مەسئۇللىرى بارلىق كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل بولۇش، تەرتىپ-ئىنتىزام، ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، نورمال ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش — ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىندى.

1981-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە مەكتەپ پارتكومى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا يۆنىلىشلىك تەربىيە بېرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى تىپ تىكلەش، ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپىنى بەرپا قىلىش، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئىلغار ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن بولۇشقا تىرىشىش... پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش، ئىدىيە، ئەخلاق، غايە، كوللېكتىپىزملىق ئاڭ تەربىيىسىنى قەدەممۇ-قەدەم كۈچەيتتى.

1986-يىلىدىن ئېتىبارەن ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى چارە-تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

1987-يىلى ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قايسى سىنىپ قايسى كەسىپكە تەۋە بولسا شۇ كەسىپنىڭ ئوقۇتۇش

مەسئۇل قىلىپ، نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 24 سائەت تولۇق نۆۋەتچىلىك تۈزۈمىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

1989-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن مەكتەپ ھەر ھەپتىنىڭ 1-كۈنى دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش، ھەر ھەپتىنىڭ 6-كۈنى بايراق چۈشۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تۈزۈملەشتۈردى.

ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك ئەتىگەنلىك گىمناستىكا، دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا، تاماقلىنىش، ياتاق تازىلىقى، دەرستىن سىرتقى تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېتەكلەش، نازارەت قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش ئىشلىرىغا ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسى ۋە ھەر قايسى شۆبە ئۇيۇشمىلار مەسئۇل قىلىندى.

مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە «ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش بىلەن باشقۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇتۇش تەرتىپى، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ نورماللىقى ۋە تۇراقلىقلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇپمۇ سىنىپ مەسئۇللىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىنى باشقۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېچە-كۈندۈز، ھېيت-بايرام، قىش-ياز، قار-بوران . . . كۈن-پەسىللەرنى ئايرىماي، نادان، بەڭۋاش، كەپسىز، ئەقىلسىز . . . باللارنى، ئەقىل، ئەخلاق، بىلىم، ماھارەت، ئادەملىك سالاھىيەت جەھەتلەردىن تەربىيىلەپ

ئۇچۇن، مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. ھەر مەۋسۇمدە پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭ يىغىنى، سىنىپ كادىرلىرى يىغىنى، ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى، ئىتتىپاق كادىرلىرى يىغىنى، قىز ئوقۇغۇچىلار يىغىنى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى يىغىنى... ئېچىپ، مەكتەپ ئىنتىزامى تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى. ھەر مەۋسۇمدە قەرەللىك ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئېچىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى چۈشەندۈردى. 1986-يىلدىن ئېتىبارەن مەكتەپ ھەر يىلى يېڭى ئوقۇش باشلاش مەۋسۇمىدە يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ھەپتىلىك ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئىرادىسىنى چىڭىتىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى، غايە تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى... ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1988-يىلى مەكتىپىمىز «ئوقۇغۇچى باشقۇرۇش تۈزۈمى»نى شەھەر-ئىدارە رەھبەرلىرىگە، مائارىپ مەركىزىگە، ھەر قايسى زاۋۇت-باشقارمىلارغا، ئىدارىلەرنىڭ مائارىپ مەركىزى، ئامانلىق، قوغداش ئورۇنلىرىغا ۋە ئاتا-ئانىلارغا بېسىپ تارقىتىپ جەمئىيەت، ئورگان، ئاتا-ئانىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1987-يىلدىن ئېتىبارەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى نۆۋەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېتىپ-قوپۇش، دەرس، پائالىيەتلەرگە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى، سالامەتلىكى، مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچىلارنى

ماشىنىلىرى، مېھمانخانا مۇلازىملىقى، لابورانتلىق، شوپۇرلۇق، ئاشپەزلىك، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، خىمىيە سانائەت، ماشىنا رېمونت، مالىيە بوغالتىرلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، سانائەت ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى. . . قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلىپ ئوقۇش باشلىغاندى. نۆۋەتتە قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومىنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ 1300 نەپەردىن ئارتىپ، كەسىپلىرى 15 خىلدىن ئېشىپ يەنە بىر يېڭى ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى نېفتلىك ئاساسىي كەسىپلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كەسىپلەر، تۈرلەر، قاتلاملار يەنىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاراماي ئىشچىلار تېخنىكومىدا، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت-گاز گۇرۇھى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى ھەم شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق ھەر قايسى زاۋۇت-باشقارما ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھەر يىلى دېگۈدەك، ھەر قايسى كەسىپ، ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان چوڭلارنى ئۇزۇن مۇددەتلىك، قىسقا مۇددەتلىك، پەسىللىك تەربىيىلەش، لاياقەتلىك بولغانلارغا كەسىپتە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ ئىش ئورنىغا قويۇش، لاياقەتسىزلەرنى داۋاملىق تەربىيىلەش، كەسپىي ئېمتىھانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ شەھەر-ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتتىكى چوڭلارنى ئىش ئورنى لاياقىتى بويىچە تەربىيىلەش چوڭلار مائارىپ خىزمىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. ھازىر قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدا ئەسلىدىكى نېفتلىك ئاساسىي كەسپىي بويىچە تەربىيىلەشمۇ، بازار

قاتارغا قوشۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، تۆلىگەن بەدەللىرىنى، تارتقان جاپالىرىنى، ئۇچرىغان ھاقارەتلىرىنى تەڭداشسىز سەۋىرچانلىق، ئىغىر-بېسىقلىقنى، مىللەت، تەبىقە، ئۇستۇن-تۆۋەنلىك. . . ئايرىماي، باراۋەرلىك، ئىناق-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا تۆككەن ھالال تەر-مېھنەتلىرىدىنى. . . نۇرغۇن ئادەملەر كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان، چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم نادان، كەپسىز، شوق، بەدخەج، ۋاپاسىز بالىلىرىنى گەپ-سۆزگە كىرگۈزەلمەيۋاتقان، بالىلىرىنىڭ دەردى-جاپا، ھاقارەت-ئاھانەتلىرىدىن بوغۇلۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتقان، بالىلىرى ئۆزلىرىگە بالا بولماي بالايى-ئاپەت بولۇۋاتقان ئاتا-ئانىلارلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. . .

## 7. كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى

مەكتىپىمىزنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتۇش بۆلۈمى 1995-يىلى رەسمىي قۇرۇلۇپ مەكتىپىمىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپ قاتلام، تۈرلۈك يوللار بىلەن يېڭى كەسىپلەر تەسىس قىلىنىپ، مەكتىپىمىزنىڭ تېخنىكا مائارىپىدا يېڭى بىر يول ئېچىلدى.

قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىغا، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قوللىشىغا، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا ئاساسەن 1995-يىلىدىن باشلاپ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، تېپلو تېخنىكا، كومپيۇتېر ئىشلىتىش، سانائەت بوغالتىرلىقى، سودا بوغالتېرلىقى، يېزا ئىگىلىك

مەكتەپ ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، ئىلگىرىكى ئىشخانا-بۆلۈملەرنى پارچىلاپ، تەڭشەپ قايتىدىن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، ئېلېكتر-مېخانىزم، پراكتىكا قاتارلىق تۆت چوڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى.

(1) بۇرغىلاش ئوقۇتۇش بۆلۈمى: بۇ بۆلۈمدە بۇرغىلاش، راستور، رېمونت، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بۇرغىلاش تېخنىلوگىيىسى، بۇرغىلاش مېخانىزمى قاتارلىق كەسپىي ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

(2) نېفىت ئېلىش ئوقۇتۇش بۆلۈمى: بۇ بۆلۈمدە نېفىت ئېلىش، گېئولوگىيە، قۇدۇق رېمونت، سىياسەت، ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى قاتارلىق ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

(3) ئېلېكتر-مېخانىزم ئوقۇتۇش بۆلۈمى: بۇ بۆلۈمدە مانتىيورلۇق، كەپشەرلەش، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە، نېفىت ئايرىش، دۋىگاتىل، رېمونتچىلىق ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

(4) پراكتىكا ئوقۇتۇش بۆلۈمى: مەخسۇس مەكتەپ ئىچى ۋە ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى پراكتىكىنى تەشكىللەش، پراكتىكانتلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى.

(5) تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ئىشخانىسى، مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

يەنە ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، 1991-يىلىغا كەلگەندە مەكتەپ سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قوش گۇۋاھنامە» (ئوقۇش

ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم دەرىجىسى بويىچە تەربىيىلەشمۇ، چوڭلارنى قايتا تەربىيىلەشمۇ تەڭلا بىرلا ۋاقىتتا كۆپ قاتلام، كۆپ كەسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە ھەر يىلى كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى نەتىجىسىدە قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىنىڭ تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى، ئەمەلىيەت پراكتىكا مۇئەسسەسەلىرى، ئوقۇتۇش قورالLىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، يۈرۈشلىشىپ، سىستېمىلىشىپ ئاساسىي پەنلەر، كەسپىي پەنلەر، سانائەت تېخنىلوگىيىسى، مۇلازىملىق ئوقۇتۇش تۈرلىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى نەزەرىيە، تەجرىبە، ئەمەلىيەت جەھەتلەردىن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

## 8. مائارىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى

1979-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى ئاساسىي پەنلەر ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئىشخانىسى (تەركىبىدە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، سىياسەت، ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى بار)، تەجرىبىخانا، كىتابخانا قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئوقۇتۇش تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ئادەتتىكى مائارىپنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتلىرىدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

ئۈزلۈكسىز زورىيىش، تەڭشەش، تەجرىبە توپلاش ئارقىلىق ئاردىن سەككىز يىل ئۆتۈپ 1987-يىلىغا كەلگەندە،

ئۆلارنىڭ باشقۇرۇشىدا 30 نەچچە ئوقۇتۇش كەسپىي ئىشخانا-گۇرۇپپىلىرى بار.

ئوقۇتۇش چوڭ بۆلۈمىنىڭ تەۋەلىكىدە يەنە ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى، مەكتەپ سىرتىدىكى پراكتىكانتلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، كومپيۇتېر مەركىزى، تەجرىبىخانا، كىتابخانا، پراكتىكا زاۋۇتى قاتارلىق كەسپىي خىزمەت بۆلۈملىرى بار.

## 9. مائارىپ باشقۇرۇش

مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغان 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى مەزگىللەردە، مەكتەپىمىزدە تېخنىك ئىشچىلار مائارىپىنى باشقۇرۇشقا ئائىت يۇرۇشلەشكەن باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بولمىغاچقا، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بىۋاسىتە يولغا قويۇلۇپ دەرسخانىدا نەزەرىيە ئوقۇتۇش ئاساسىي مائارىپ باشقۇرۇش شەكلى قىلىنغانىدى.

1981-يىلى ئىلمىي بۆلۈم «بىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، ئەمەلىي نەرسىلەر، تەجرىبە، پىروكسىيە ئاپپاراتى قاتارلىقلار دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، كۆرسەتمىلىك ۋە ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇل، شەكىللىرىنى يولغا قويدى.

1982-يىلى ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى تەييارلاش، ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈش چېڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزئارا بىر-بىرسىنىڭ دەرسنى ئاڭلاپ، تەجرىبە ماھارەتلىرىنى كۆزۈتۈپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ياخشى ئۇسۇللارنى قوبۇل قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى.

پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بىلەن كەسپىي تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسى) خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، مەكتەپ سىرتىدىكى پراكتىكىنى باشقۇرۇش، يېتەكلەش، باھالاش ئوقۇتۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1992-يىلىغا كەلگەندە مەكتىپىمىز كەسپىي نەزەرىيە ئوقۇتۇش، تەجرىبە ئوقۇتۇش، مەكتەپ ئىچىدىكى پراكتىكا، مەكتەپ سىرتىدىكى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسى (ئادەتتە ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر يىل قاتنىشىدۇ)، ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتىنى ھەربىر چوڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمى ئۆزىنىڭ شارائىتى، ئالاھىدىلىكى، كەسپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىر تۇتاش تەشكىللەش، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى، بۆلۈملەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى.

1982-يىلى كۈزدە يەنە شوپۇرلۇق، ماشىنا رېمونت كەسپلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ماس ھالدا شوپۇرلۇق ئوقۇتۇش بۆلۈمىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بۆلۈملىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

1995-يىلىغا كەلگەندە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتۇش بۆلۈمى ۋە ئاشپەزلىك ئوقۇتۇش ئىشخانىسىنى تەسىس قىلدى.

نۆۋەتتە مەكتىپىمىزدە ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بۆلۈمى، بۇرغىلاش-نېفىت ئېلىش ئوقۇتۇش بۆلۈمى، مېخانىزم-ئېلېكتر ئوقۇتۇش بۆلۈمى، شوپۇرلۇق ئوقۇتۇش بۆلۈمى، تەربىيىلەش ئوقۇتۇش بۆلۈمى قاتارلىق چوڭ ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى ھەم

يۈزلەندى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دەرس ئۆتۈش، ئۆزئارا دەرس ئاڭلاش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرۇش، باھا قويۇش، ئوقۇتۇشنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسىلاپ باھا تۇرغۇزۇش تۈزۈملىرى ۋە «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر»... بىر-بىرلەپ تۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1987-يىلى مەكتەپنىڭ مائارىپقا ئائىت ھۆججەتلەر توپلىمى بېسىلىپ تارقىتىلدى.

1988-يىلىدىن ئېتىبارەن مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. ئۆلچەملىك ئىمتىھان سوئالى ئامبىرى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

مائارىپ باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، زامانغا لايىقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە مەكتەپ 1994-يىلى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلار باشقۇرۇش بۆلۈمى، پراكتىكا بۆلۈملىرىنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى.

مەكتىپىمىزنىڭ مائارىپ باشقۇرۇشتىكى كونكرېت خىزمەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) پىلان بويىچە ئىش كۆرۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نورمال ئوقۇتۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى.

(2) قائىدە-تۈزۈملەر ئارقىلىق ئوقۇتۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى.

مائارىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەكتىپىمىز 20

ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەكتىپىمىز قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىغا، تەربىيىلىنىش نىشانىغا بىرلەشتۈرۈپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى ئاجرىتىپ، 12 خىل كەسىپنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى، 16 خىل كەسىپنىڭ دەرسلىكىنى، ئاساسىي پەنلەرنىڭ نەزەرىيە ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1982-يىلىدىن ئېتىبارەن ئوقۇتۇشتا يولغا قويۇپ، كەسپىي ئوقۇتۇشنىڭ تەلەپ-ئۆلچەملىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈردى.

1983-يىلى يەنە ئوخشاش بولمىغان كەسپلەرنىڭ ئەمەلىي ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن 18 خىل كەسپىي دەرسنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى، 38 خىل دەرسنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈلۈپ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى،، ئوقۇتۇش پىلانىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش قەتئىي تەلەپ قىلىندى.

1985-يىلى مەكتەپ ئىلگىرىكى يىللاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزەرىيە ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش، ئەمەلىي تەجرىبە، ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكىسىغا سەل قاراشتەك ناچار ھالەتنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، رېئاللىققا ئۇيغۇن تەدبىر-ئۇسۇللارنى تۈزۈپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك تەربىيىلەشنى يولغا قويدى.

1986-يىلىدىن ئېتىبارەن مائارىپ باشقۇرۇش قېلىپلىشىشقا، ئۆلچەملىشىشكە، تۈزۈملىشىشكە قاراپ

(1) چوڭلار مائارىپى ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

1984-يىلى مەكتەپ پارتكومى [1984] 13-نومۇرلۇق هۆججەتنى چۈشۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش بۆلۈمىنى رەسمىي بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن چوڭلار مائارىپى تېخىمۇ قېلىپلاشتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن مەكتەپ 2569 كۋادرات مېتىرلىق تۆت قەۋەتلىك تەربىيىلەش مەركىزى بىناسىنى پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى. ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئىشخانىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشخانىسى، كومپيۇتېر ئىشخانىسى، بۇرغىلاش مودېلى ئىشخانىسى، فونېتىكىلىق ئوقۇتۇش ئۆيى، تەجرىبىخانا... قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مەكتەپنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىشلىرىغا پۇختا ئاساسلار سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىزدىكى چوڭلارنى تەربىيىلەش ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەشكە باشلىدى.

1992-يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇش توغرىسىدا هۆججىتى»نى تارقىتىپ ئەسلىدىكى ئىدارە-شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپىنىڭ ئورنىنى ۋە قۇرۇلۇشلىرىنى بىزنىڭ مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە شۇ ئورۇندا ئىدارىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇلدى. 1992-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەكتىپىمىزنىڭ چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 111 ئادەمگە يېتىپ، تورلۇك

يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قائىدىلىرى»، «مائارىپ تەتقىقات پائالىيەت تۈزۈملىرى»، «ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش پرىنسىپلىرى»، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى»، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈچ ئۆتكەل (ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئاساسىي ماھارەت) دىن ئۆتۈش ئۆلچىمى»، «ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكا پرىنسىپلىرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى»... قاتارلىق 20 نەچچە تۈرلۈك مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاپ، قالاقلارنى جازالاپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ نورماللىقىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلدى.

(3) مائارىپ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ تېخنىكا-ماھارەت تەربىيىسى كۈچەيتىلدى.

مەكتىپىمىزدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش گۇرۇپپىسى، پەن-تېخنىكا گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ تەكشۈرۈش، تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش، ئىسپاتلاش، ئىلغار تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەتلەرنى قوبۇل قىلىش، كەسپىي ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھات قىلىپ «ئوقۇتۇش--ئىشلەپچىقىرىش-پەن-تەتقىقاتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش» يولىغا مېڭىپ، نېفىتلىك ۋە قاراماي شەھىرىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇردى. تېخنىكا-ماھارەت تەربىيىسى ئارقىلىق يېڭى چىقىش يوللىرىنى ئاچتى ۋە كېڭەيتتى.

## 10. چوڭلار مائارىپى

يەنە خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، 30 نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ 1000دىن ئارتۇق ئادەمنى خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى.

## 11. شەرەپلىك نەتىجىلەر

شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى قېلىپلاشقان نېفىت ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى 1956-يىلى رەسمىي قۇرۇلۇپ، قاباھەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەپلىك 1969-يىلى توختاپ قالدى. ئارىدىن 10 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا خاتىمە بېرىلىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنىڭ ماددى-مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا قاراپ يول ئالدى. دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، قاراماي نېفىت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 1979-يىلى يەنە قارامايدا رەسمىي قۇرۇلدى.

يىگىرمە يىللىق ئىزدىنىش، يىگىرمە يىللىق قۇرۇلۇش، يىگىرمە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى، يىگىرمە يىللىق جاپالىق ئەگىرى-توقاي ئىگىلىك تىكلەش باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەرىپەت بۇلىقى، يېڭى ئەۋلاد نېفىت تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ بۆشۈكى قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، مۇستەھكەملەندى. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوش تىللىق بولۇپ، نۆۋەتتە بىر قىسىم مىللىي ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇ سىنىپلارنىڭ كەسپىي دەرس، نەزەرىيە دەرس، پراكتىكا ئەمەلىيەت دەرس، تەجرىبە دەرسلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ-مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى

ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلىنىپ، 16 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەشنىڭ داغدام يولىنى ئاچتى.

(2) خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇتۇش مائارىپى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي لاياقىتىنى ئۆستۈرۈش، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە مەكتىپىمىز 1980-يىلىدىن ئېتىبارەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 400 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي-جەنۇب نېفىت ئىنستىتۇتى، شەرقىي-شىمال نېفىت ئىنستىتۇتى، چېڭدۇ پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇادۇڭ نېفىت ئىنستىتۇتى، نېفىت مىنىستىرلىكى چەت ئەل تىللىرى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى، ۋۇخەن گېئولوگىيە ئىنستىتۇتى، شاڭخەي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى... قاتارلىق 60 نەچچە ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىپ تۈرلۈك كەسپلەر بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىدى. تۈرلۈك ئۇسۇللار، تۈرلۈك ئورۇنلار، تۈرلۈك قاتلاملار بىلەن كۆپ قېتىم تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپىمىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئايلىنىپ، مائارىپقا زور ھاياتى كۈچ ئېلىپ كەلدى.

(3) ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

مەكتىپىمىز قۇرۇلغاندىن بېرى بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، لاياقەتلىك كىنىشكىسىگە ئېرىشىش ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 400دىن ئاشىدۇ. مەكتىپىمىز

قوبۇل قىلىپ، قاراماينىڭ شارائىتىغا ماس ھالدا ئۇچۇر باشقۇرۇش، ئېلېكترون تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش، بوغالتىرلىق، بازار تىجارىتى. . . قاتارلىق يېڭى كەسىپلەرنى ئاچتى.

20 يىلدىن بېرى مەكتىپىمىز تۆۋەندىكىدەك شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولدى:

1986-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار فېستىۋالىدا مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھىرىمىز بويىچە ئومۇمىي نومۇردا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ چېمپىيون بولدى.

1986-يىلى مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەر دەرىجىلىك «قوش مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولدى.

1987-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق مەدەنىيەت-سەنئەت كۆرۈكىدە مەكتىپىمىز چېمپىيون بولدى.

1987-يىلى مەكتىپىمىزگە «ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى.

1987-يىلى ئىككىنچى نۆۋەتلىك «نېفىت شەھىرى لوڭقىسى» نى تالىشىش ۋالىبول مۇسابىقىسىدە مەكتىپىمىز قىزلار كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

1987-يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك «نېفىت شەھىرى لوڭقىسى» نى تالىشىش پەي توپ مۇسابىقىسىدە مەكتىپىمىز كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

1987-يىلى مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەر دەرىجىلىك ئۈلگىلىك ئورۇن بولدى.

1988-يىلى مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەر دەرىجىلىك «قوش مەدەنىيەتلىك ئورۇن» بولدى.

ئورۇنلاشتۇرغان ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدىكى كۆرسەتكۈچ-لەرنى، ئوقۇتۇش پىلان-ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك تاماملاپ مىللىي مەكتەپتە، ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ خەنزۇ تىل-يېزىقنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق خەنزۇ تىل-يېزىقنى پۇختا ئىگىلەپ شۇ ئاساستا خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك پەنلەردىن نەزەرىيە، ئەمەلىيەت دەرسلىرىنى بەرگۈدەك سەۋىيە-قابىلىيەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاۋاتىدۇ. 1990-يىلىدىن باشلاپ قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى بىر يىل ئۇزارتىلىپ، ئەسلىدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇش تۆت يىلغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر يىل مەخسۇس خەنزۇچە تىل-يېزىقتا تەربىيىلىنىپ، ئۈچ يىللىق كەسپىي دەرس، ئۆگىنىشلەر بىۋاستە خەنزۇچە تىل-يېزىقتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىدا گېئولوگىيە، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، قۇدۇق رېمونت، نېفىت ئايرىش، مانتيورلۇق، كاتول، راستور، دۋىگاتېل، ماشىنا رېمونت، شوپۇرلۇق، خىمىيە ئانالىز، هور ماشىنىسى، ئېلېكترون تېخنىكىسى، ستانوك، سېلىسارلىق، كەپشەرلەش، . . . قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇق نېفىتلىك ئەنئەنىۋي كەسپلىرىدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكت تەلىپىگە ماسلىشىش، يېڭىچە تەربىيىلەش يوللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى دادىللىق بىلەن

ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە بولغان يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مەكتەپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ سەۋەبلىكەر تەدرىجى تۈزىتىلىپ تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىنىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تۇرمۇش، ئامانلىق، ئىتتىپاقلىق، سۈپەت مائارىپى... جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خۇشاللىنارلىق ئەمەلىي نەتىجىلەر بىر-بىرلەپ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، شەھەر-ئىدارە پارتكومى ۋە مەمۇرىيەت تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا كۆپ قېتىم «قوش مەدەنىيەتلىك ئىلغار ئورۇن»، «شەھەر-ئىدارە دەرىجىلىك قوش مەدەنىيەتلىك ئۈلگىلىك ئورۇن»، «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن»... دېگەن ياخشى نام-ئاتاقلار بېرىلدى.

1993-يىلى 8-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مائارىپ كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا، مەملىكەتلىك كەسپىي مائارىپ سىستېمىسى بويىچە «تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكىدىكى يەتمىش بەش ئورۇندىكى تۈرلۈك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى ئۇنىۋېرسال

1989-يىلى ۋە 1990-يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگىلىك ئورۇن بولدى.

1989-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكىدىكى ئىشچىلار تېخنىكومى مەكتەپلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا مەكتىپىمىز 1-لىككە ئېرىشتى.

1990-يىلى مەكتىپىمىزگە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدا ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى.

1990-، 1991-يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەكتىپىمىز شەھەر-ئىدارىدە ئۆتكۈزۈلگەن پوتبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

1990-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدارە-شەھەرلىك 17-قېتىملىق يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدە مەكتىپىمىز كوماندىسى ئىككىنچى بولدى.

1991-يىلى مەكتىپىمىز كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3-نۆۋەتلىك يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

1991-، 1992-يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەرلىك قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

1992-يىلى مەكتىپىمىز ئىدارە-شەھەرلىك 18-نۆۋەتلىك يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

1992-يىلى مەكتىپىمىز ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن «كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدا ئىلغار ئورۇن»، «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا

شۇنداقلا غەربىي-شىمال بويىچە بىردىنبىر نۇقتىلىق ئىشچىلار تېخنىكومى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، دۆلەتلىك ئالىي دەرىجىلىك ئىشچىلار تېخنىكومى دەپ تەستىقلىنىپ، 1998-يىلى 3-ئايدا، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىنىڭ نامى «شىنجاڭ نېفىت ئالىي ئىشچىلار تېخنىكومى»غا دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي ئۆزگەرتىلدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەكتەپ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللار.

2. 1956-يىلى تۇنجى نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنگىچە ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، رەھبەرلىك خىزمىتىدە بولغان پېشقەدەملەردىن مەمەت ئەيسا، نەيىم يۈسۈپ، تۇرسۇن ھاپىز. . . ۋە ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان مەمەت قارىم قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردۇر.

(شىنجاڭ نېفىت ئالىي ئىشچىلار تېخنىكومى
ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بۆلۈمى:
تۇنىياز ئىمىرنىياز)

تەكشۈرۈش، سىناش، باھالاش، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، ئۈنىۋېرسال كۈچى كۈچلۈكلىرىنى تاللاش، قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق 1994-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئىشچىلار تېخنىكومى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ۋە ھەر قايسى چوڭ نېفىت كارخانىلىرىغا قاراشلىق ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق، 1995-يىلى جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى تەرىپىدىن قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا «جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ نۇقتىلىق ئىشچىلار تېخنىكومى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

1996-يىلى دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا «دۆلەتلىك نۇقتىلىق ئىشچىلار تېخنىكومى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

. . . . . . . . . . . .

قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى كۆپ قېتىم دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى... قاتارلىق ھەم مەمۇرىي ھوقۇقلۇق، ھەم كەسپىي ھوقۇقلۇق، دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان كەسپىي ئورگانلار تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، قاراماي نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومىغا تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكتىن، دۆلەت تەرىپىدىن شىنجاڭ بويىچە

كومستېتى ئەۋەتكەن چېن تيەنچىڭ، ماۋزېمىن ۋە لىن جىلۇ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىدا يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەچكە، بىزنىڭ يېزىمىزدىمۇ پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. مەن ئاتا-ئانامنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، ئۇلار مېنى ئوقۇپ بىلىم ئالسۇن دەپ 1934-يىلى دىنىي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ پەننىي مەكتەپكە بەردى.

بۇ مەكتەپكە نىياز مۇپتىئاخۇنۇم پەخرى مۇدىر بولغان بولۇپ، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن تۇردى ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى ئىدى. مەن مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇتەپەككۇر شائىر نېمشېھىت ئارمىيە ئېلى داموللام بىر كۈنى مەكتەپكە كېلىپ بىزگە ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۇزۇن نوتۇق سۆزلىگەنىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەممىمىز تولىمۇ ئىلھاملىنىپ، ئوقۇشقا بېشىمىزچە كىرىپلا كەتتۇق. ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە ئەخمەت ھادى، ئابدۇراخمان ھاپىز ۋە نىزامىدىن قۇربان قاتارلىق چوڭ ياشلىق بالىلارمۇ بار بولۇپ ئۇلار ئىدىيىدە ئىلغار، ئوقۇشتا ئەلاچى بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە قىزىلدىكى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ۋاھالەنكى، 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جاللات شېڭ شىسەي كومپارتىيىدىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭنى تېرورلۇق قاپلاپ سانسىزلىغان بىگۇناھ كىشىلەر تۇتقۇن قىلىندى، شۇ قاتاردا ئارىمىزدىن ئىككى ساۋاقدىشىمىزمۇ مەكتەپتە بىز بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقان يېرىدىن ئوشتۇمتۇت تۇتۇپ

# ئامانلىق قوغداش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر

(ئەسلىمە)

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: تاش سابىت
رەتلەپ يازغۇچى: ئىمىنجان سادىق

مۇقەددىمە

ئىنسان چەكلىك ھايات مۇساپىسىدا ئىنتايىن نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال مېھنەت تەرى ئارقىلىق ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن ئاز-تولا ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىگەنلا بولسا كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئەسلەپ ئاجايىپ گۈزەل ھېس-ھاياجانغا چۆمىدۇ.

1

مەن 1927-يىلى 5-ئايدا ئاقسۇ باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 30-يىللاردىن ئىلگىرى يېزىمىزدا پەنني مەكتەپ يوق ئىدى، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزي

سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بولىدىغان بولۇپ، بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ يۇرتىمىزغا بالدۇرراق يېتىپ كېلىپ، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، تاقىتىمىز تاق بولاتتى. دېگەندەك 1945-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، سوپاخۇن سوۋۇروۋ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە رازىيوۋ داموللا باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قىزىل كۆرەدىن يولغا چىقىپ باي ناھىيىسىگە قاراشلىق قېيىر يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق ئۆتۈپ، قىزىل يېزىسىغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، قىسىمنىڭ ئالدىنقى رازۋېتچىكلىرىنى بىزنىڭ ئابدۇراخمان ھاپىز ۋە نىزامىدىن قۇربان قاتارلىق يولداشلىرىمىز مەخپىي قارشى ئېلىپ يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغلاردا قىزىل يېزىسىدا گومىنداڭنىڭ مەخسۇس تۇرغۇزۇلغان ئەسكىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئابدۇراخمان ھاپىز بىلەن يولداش ھامىت رازۋېتچىكلارنى باشلاپ ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن (تاش سابىت) ۋە نىزامىدىن قۇربانلار ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىزىل يېزىسىدا قېپقالدۇق. ئەمما، ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، چوڭ قوشۇن يېتىپ كەلمىدى. شۇ ئارىلىقتا ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ھېساب دەرسى بېرىپ، ئۆزىنى «ئوقۇتقۇچى» دېگەن نام بىلەن نىقاپلاپ يۈرگەن مەمتىمىن ئوشۇر ئىسىملىك گومىنداڭ ئىشپىيونىنىڭ ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىشى بىلەن كۇچادىن بىر يىڭ گومىنداڭ ئەسكىرى چىقىپ قىزىل يېزىسىنىڭ چوڭ يول بويلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق

كېتىلىپ، ئىز-دېرەكسىز يوق قىلىنىۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت ساۋاقدىشىمنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن دەككە-دۈككىدە قالدۇق. مەكتەپنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن كۈنگە ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، ئاخىرى ئوقۇش توختاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانام مېنى كوچاغا ئاپىرىپ قەشقەرلىك مامۇتخان ئۇستام دېگەن بىر ماشىنىچى تونۇشىغا شاگىرتلىققا بەردى. ئەمما، 1945-يىلى 4-ئايلارغا كەلگەندە، 1944-يىلى كۈزدە ئىلقا ناھىيىسىدە پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي شىمالىي شىنجاڭدا شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىش ئېھتىمالى بولغاچقا، كوچادىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خۇددى پوتى كۆيگەن توخۇدەك ئالاقىزادىلىككە چۈشۈپ، ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئوق-دورا ۋە ئاشلىق-تۈلۈك توپلىدى. بۇنىڭدىن باشقا كوچا تەۋەسىدىكى بارلىق ماشىنىچىلارنى كوچا ناھىيە بازىرىنىڭ ساي بويى مەھەللىسىگە جايلاشقان ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبىغا يىغىۋېلىپ كۆك ماتادىن ھەربىي كىيىم-كېچەك تىكتۈردى. جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، پۇقرالارنىڭ كېچىدە ئەركىن يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى چەكلەپ، خەلق ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز ماشىنىچىلىق ھۈنىرىمنى تاشلاپ يۇرتۇم — قىزىل يېزىسىغا قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. قىزىلغا كەلسەم ساۋاقداشلىرىمدىن ئەخمەت ھادى، ئابدۇراخمان ھاپىز ۋە نىزامىدىن قۇربانلار بار ئىكەن. مەن كۈندۈزى ئائىلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاراشسام، كەچلىرى ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش-قوپۇشتا دائىم بىرگە بولۇپ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلىشەتتۇق.

كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا ئايلاندى. قوشۇنىمىزدا پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىق دېگەندەك زامانىۋى قورال-ياراغلار ئاز بولسىمۇ، نەيزە-قىلىچ ۋە كالتەك-چوماقلارغا تايىنىپ، سوپاخۇنلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنى پاك-پاكىز يوقىتىپ، 8-ئاينىڭ 17-كۈنى پۈتۈن ناھىيىنى تولۇق ئازاد قىلدۇق ۋە دەرھال خەلق ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ئورناتتۇق. ئاندىن سوپاخۇنلار باشچىلىقىدىكى ئاساسىي قىسىم ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىزنىڭ دېۋىزىئون كوماندىرىمىز ناسىروۋمۇ قىزىل يېزىسىدا مەن تۈرۈشلۇق بىر ئىسكادىرون قوشۇننى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ بىرلىكتە ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يېڭىشەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. بىز بولساق ئىسكادىرون كوماندىرى ئىبراھىموۋنىڭ باشچىلىقىدا قىزىل يېزىسىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، كۈچا تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ دۈشمەننى ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمىدۇق. گەرچە بۇ مەزگىلدە كۈچادىكى گومىنداڭچىلار بىزدىن قورقۇپ دەماللىققا ئۇۋىسىدىن چىقىشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1945-يىلى 9-ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە داۋاندا تۇرىۋاتقان قاراۋۇللىرىمىز كۈچا تەرەپتىن چىققان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىز تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا كوماندىرىمىز ئىبراھىموۋ بىزگە قىزىلنىڭ پەس داۋان دېگەن يېرىگە بېرىپ، ئەپلىك جايلارنى تېپىپ ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇق بەردى. بىز دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ئابۇرۇن قورۇپ ياتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي جەڭ باشلىنىپ كەتتى، دۈشمەن

بىگۇناھ خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن سىرت نىزامىدىن قۇربان قاتارلىق 10غا يېقىن ئادەمنى تۇتۇپ «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە يېقىنلاشقان» دېگەن گۇناھ بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇ كۈنلەردە دادام مېنى يېزىمىزنىڭ سىرتىدىكى بىر تاغ جىلغىسىغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغاچقا، گومىنداڭچىلار مېنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىغانىدى.

يۇقىرىقى پاجىئەدىن كېيىن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ-تېشىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە (8-ئايلاردا) ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق 2-تۈركۈمدە بايغا چۈشكەن ناسرووۋ (بۇ ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەربىي كىشى بولۇپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. 1944-يىلى كۈزدە ئىلىغا قايتىپ كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانىكەن) باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونىنىڭ بىر ئىسكادىرون (200 ئادەم) قوشۇنى سوپاخۇنلارنىڭ قىسمى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ ئارىدىن 15 كۈنچە ئۆتكەندە ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق قىزىلغا چۈشۈپ بۇ يېزىنى ئازاد قىلدى ۋە بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قىسىمنى تەرتىپكە سالدى. مەن ۋە ئەخمەت ھادى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار تۇنجى بولۇپ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوبۇل قىلىندۇق. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئەسلىدىكى 200 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن يېڭىدىن قوشۇلغان پىدائىيلار بىلەن قوشۇلۇپ نەچچە يۈز

ئابدۇراخمان ھاپىز قاتارلىق خېلى كۆپ پىدائىي جەڭچىلەرنى سوپاخۇننىڭ تېكەس ئاتلىق پولكىغا قوشۇۋەتتى. مەن، گەخمەت ھادى ۋە ھاشىم مىراپ قاتارلىق بىر نەچچىمىزنى غۇلجىغا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش بىلەن ئەۋەتىپ بەردى.

2

مەن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ باش ساقچى ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ دەسلەپ نوپۇس ساقچىسى، كېيىن ئامانلىق بۆلۈمىدە پىراپۇرچىك (شياۋۋېي) دەرىجىلىك ساقچى ئوفېتسېرى بولۇپ تاكى ئازادلىققا قەدەر ئىشلىدىم. 1950-يىلى 5-ئايدا ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى تەرىپىدىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم. بۇ يەردە 1951-يىلى 8-ئايغىچە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ساقچى كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىپ، 1952-يىلى 8-ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جايتېرەك قاتارلىق يېزىلىرىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشتىم ۋە 1953-يىلى ئەتىيازدا شۇ يەردە شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، شۇ يىلى 6-ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلىدىم. 1953-يىلى 10-ئايدا شۆبە بيۇرو پارتكومى مېنىڭ باشچىلىقىمدا ئالتە كىشىلىك بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال

بىلەن يېرىم كۈندەك جان تىكىپ ئېلىشقان بولساقمۇ، دۈشمەن سان جەھەتتىن بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، قورال-ياراغلىرى خىل بولغاچقا، يەنە داۋاملىق تىركىشىۋەرسەك ئورۇنسىز چىقىم بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ كوماندىرىمىز ئىبراھىموۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەرتىپلىك ھالدا چېكىنىپ، سايرام يېزىسى ئارقىلىق قاساپ توقاينىڭ ئايرىلىشىغا ئامان-ئېسەن يېرىۋالدۇق. بۇ يەردە بايدىن كەلگەن ئالاقىچىلار سوپاخۇنلار قىسمىنىڭمۇ ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى دوكلات قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز قاساپ توقاي ئارقىلىق قېيىر يېزىسىغا ئۆتۈپ، ئاراگەمە دېگەن جايلار بىلەن يەنە ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، قېيىرنىڭ قازانچى بازىرىغا يېتىپ بېرىۋالدۇق، دۇۋېزنئون كوماندىرى ناسىروۋ ئاقسۇغا باشلاپ كەتكەن قىسىملارمۇ يېتىپ كېلىپ، بىزگە قوشۇلدى. بۇ يەردە بەش كۈندەك تۇرۇپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالدۇق. ئاندىن بىر كۈنى ناسىروۋ بىز نەچچە يۈز ئادەمنى بازارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنى غۇلجىغا قايتىپ چىقىشىمىز توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە سوپاخۇن قىسمىلىرىنىڭمۇ بۇيرۇق بويىچە مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ ماڭغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز بۇنىڭدىن سەل غەيرىلىك ھېس قىلغان بولساقمۇ، لېكىن بۇيرۇق بويىچە قېيىرنىڭ ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن قىزىل كۆرەنىڭ قۇشتاي دېگەن يېرىگە يېتىپ باردۇق. بۇ ۋاقىت 10-ئاينىڭ 5-كۈنلىرىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بىز يەنە قۇشتايدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن رەھبەرلىك ئارىمىزدىكى

چارلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، نېفىتلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ ئوغرىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن. مەن خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا بىر قاتار كەسكىن چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق نېفىتلىكنىڭ ئامانلىقىغا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى ئۆز ۋاقتىدا كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ ماڭدۇق. 1954-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو-سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، قەشقەر نېفىت چارلاش باشقارمىسىمۇ ئەمەلدىن قېلىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قەشقەردىن مايتاغقا يۆتكەپ كەتتى، مەنمۇ 1955-يىلى 5-ئايدا مايتاغ شۆبە قوغداش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ئامانلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدۇم. ئەينى چاغدا بۇ شۆبە باشقارمىنىڭ باشلىقى ساۋكۇنسەي، مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن شۇچيەن بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا مەمەت ئەيسا (كېيىنكى يىللاردا نېفىت ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان بولۇپ، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ قارامايدا تۇرىۋاتىدۇ)، سۇڭ كەن، ۋاڭ تەنرۇ ۋە گوخۇەيىڭ قاتارلىق يولداشلارمۇ بار ئىدى.

بۇ چاغدىكى مايتاغ شۆبە قوغداش باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — شۇ چاغدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلا-بچىلارنى ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇش خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، يوشۇرۇنىۋالغان ۋە توردىن چۈشۈپ قالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئېنىقلاش ۋە نېفىتلىكنىڭ ئامانلىقىغا

تەرىپىدىكى تاش يول بويىغا جايلاشقان «ياسىن سەتەڭنىڭ بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز ئەنجان تاملىق بىر چوڭ باغنىڭ ئىچىگە جايلاشقان جۇڭگو-سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتىگە قاراشلىق نېفىت چارلاش باشقارمىسىغا ئۇلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بىز ئالتە ئادەم بۇ يەردە بىر ئاي تۇرۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، خىزمەتلەرنى تاماملاپ شۆبە بيورو رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدۇق. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈۋېدى، رەھبەرلەر ئۇشتۇمتۇت مېنى چاقىرتىپ نېفىتلىك تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مېنىڭ يەرلىكتىن يۆتكىلىپ چىقىپ نېفىت چارلاش باشقارمىسى قارمىقىدىكى ج خ شۆبە ئىدارىسى (بۇ ج خ ئىدارىسى ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ شۆبىسى ئىدى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ يەن فاچى ۋە ۋۇجې قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرگە ئىشلىدىم. ئۇ چاغلاردا بۇ شىركەتنىڭ ئىنژېنېر، تېخنىك خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن روسلار، قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خەنزۇ ھەربىيلەر، كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۆزئارا تىل ئۇقۇشماسلىق، تۇرمۇش ئادىتى ئوخشىماسلىق قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرلۈك مەسىلە يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شىركەت قەشقەر شەھىرىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر نېرىغا جايلاشقان ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاكئاتا نېفىتلىكىنى ئاساس قىلىپ، كەڭ دائىرىلىك نېفىت

ئىشخانىمىز، ھەم ياتىقىمىز ئىدى. شارائىت ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، بىر موتىسىكىلىت بىزنىڭ بىردىنبىر قاتناش قورالىمىز ئىدى. بۇ مەزگىلدە قارامايدا ئادەم كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىنى قوغداش بىلەن بىرگە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ساپ ۋە ساغلام بولۇشىغا نازارەت قىلىش ئىدى. 1956-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە قاراماي نېفىتلىكى مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى قارمىقىدا يەنە شۆبە قوغداش باشقارمىسىمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، يەن فاچى باشقارما باشلىقى، ۋېي شىتۇ ۋە مەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدۇق. ئۇ چاغدا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باش ئورگىنى ئۈرۈمچى نورباغدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئىدارە قوغداش باشقارمىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى. خۇاڭ رەنيى ۋە ماشۇخلۇ (ماشۇخلۇ خۇيزۇ بولۇپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) لار خىزمەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلاتتى.

1956-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قارامايىنىڭ دۈشمەن ئەھۋالى بىر ئاز مۇرەككەپرەك بولغان بولۇپ، بىر قىسىم جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ خورىكى سەل ئۆسۈپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، 1957-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىخو ناھىيىلىك ئاپتوموبىل 5-كالوننىنىڭ كونا قارامايدا دىجورنىي تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئورنىدا قاراماي بويىچە تۇنجى قېتىم تويۇقسىز بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، پۈتكۈل قاراماي نېفىتلىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. بىز دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر

كاپالەتلىك قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بولسىمۇ، لېكىن مايتاغدا شۆبە قوغداش باشقارمىسىدىن باشقا سوت ۋە تەپتىش تارماقلىرى قۇرۇلمىغان بولغاچقا، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، يېنىكرەك جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قوغداش باشقارمىسىدا بىر مەزگىل توختىتىپ تەنقىد-تەربىيە بېرىپلا قويۇپ بېرەتتۇق. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى بولسا مايتاغقا قوشنا بولغان شىخو قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلاتتۇق.

1955-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى قاراماي 1-نومۇرلۇق چارلاش قۇدۇقىدىن زور مىقداردا نېفىت-گاز ئېتىلىپ چىقىپ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۆتمەي قاراماي نېفىتلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك چارلاش-ئۆزلەشتۈرۈش بىرلەشمە جېڭى باشلىنىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خادىملاردىن باشقا بۇ يەرگە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆنسىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مايتاغ شۆبە قوغداش باشقارمىسى ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1956-يىلى 6-ئايدا قارامايدا بىر قوغداش بۆلۈمى تەسىس قىلدى. بۇ بۆلۈمدە جەمئىي بەش ئادەم بار بولۇپ، مەن بۆلۈم باشلىقى بولدۇم. قوغداش بۆلۈمىمىزنىڭ ئورنى ھازىرقى كونا قاراماي دېگەن يەردە بولۇپ، بىر ئېغىز گەمە ئۆي بىلەن بىر ئېغىز چېدىر ئۆي ھەم بىزنىڭ

دولقۇننى قوزغاش ئارقىلىق كەسپىي سەۋىيىمىزنى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرغانىدۇق. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، مەنمۇ تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 1958-يىلى 8-ئايدىن 1960-يىلى 4-ئايغىچە بېيجىڭدىكى مەركىزىي سىياسىي قانۇن شۆيۈەندە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەنمەن.

1956-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ نامى نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1958-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا قاراماي ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قۇرۇلدى. 1962-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى نېفىت ئىدارە ئورگىنى ئۈرۈمچىدىن قارامايغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇ مەزگىلدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قارامايدا باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا ئوخشاش سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى قۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىدارە قوغداش باشقارمىسى بىلەن بىزنىڭ قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى شۆبە قوغداش باشقارمىمىز ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، ئىچكى قىسىمغا نىسبەتەن نېفىت ئىدارە قوغداش باشقارمىسى، سىرتقا قارىتا قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. خۇاڭ فامىلىلىك بىر كىشى باشقارما باشلىقى، ليۇزېڭچياڭ ۋە مەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدۇق. ئۇ چاغدا مەن خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئاساسلىقى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا قارامايدا يەنە بىر چوڭ قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغۇەتتى. قاتىل خوتۇنى بىلەن ئىككى نارەسىدە بالىسىنى رەھىمسىزلەرچە

تاپقاندىن كېيىن دەرھال مەخسۇس كوچ تەشكىللەپ، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننى كونترول قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جىددىي رازۋېتكا قىلىپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتۇق. دېلو يۈز بەرگەن جاي كالون ئىشخانىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىن تەخمىنەن 300 مېترچە يىراقلىقتا جايلاشقان بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شۇ كالوننىڭ 20 ياشلاردىكى قىز خىزمەتچىسى ئىدى. قاتىل كەچتە ئۇنى جىلغىنىڭ ئىچىگە ئالداپ ئاپىرىپ باسقۇنچىلىق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ بىر نەچچە يېرىگە پىچاق سېلىپ، ئاخىرىدا كارنىيىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىپ قالغانىدى. بىز جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر كالون پىلان بۆلۈمچىسىنىڭ كادىرى جاڭ فامىلىلىك قاتىلنى قولغا چۈشۈردۇق. ئۇ ئىنتايىن قۇۋ ئادەم بولۇپ، بىز نەقمەيداننى تەكشۈرۈۋاتقاندا خۇددى ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك بىزنىڭ ئارىمىزدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئەھۋالنى كۆزەتكەن ھەمدە بىزگە يالغاندىن يىپ ئۇچى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ماسلاشقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىزنى ئالداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا گۇناھىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي ئاخىرى قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

ئەينى يىللاردا كادىر-ساقچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ياش، تەجرىبىسىز بولغاچقا، بىز ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك چوڭ، مۇرەككەپ دېلو مىساللىرى ئارقىلىق تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىدىن-تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن مەكتەپلىرىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش

يازغۇچى ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئىدارىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنى تىللاپ، شۇ چاغدىكى نورمىلىق تەمىنلەشكە قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىدە بولغان. بىز بۇ دېلونى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال سىياسىي قوغداش بۆلۈمىدىكى خادىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىش ۋە گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ پوچىركىسىنى مەخپىي سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەزكۇر دېلونى ناھايىتى تېزلا پاش قىلىپ، نامسىز خەت يازغان ئەيسايوۋ دېگەن ئادەمنى تۇتۇپ قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلغانىدۇق.

ئۇ چاغلاردا ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش يىللىرى بولغاچقا، مەيلى كەسپىي ج خ كادىر-ساقچىلىرى بولسۇن، مەيلى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ قوغداش خادىملىرى بولسۇن، مەيلى رەھبەر ياكى ئادەتتىكى خادىملار بولسۇن ھەممىيلەن بارلىقىنى ۋەتەن-خەلققە، جۈملىدىن قاراماي نېفتلىكىنى چارلاش-ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان ئۇن مىڭلىغان ھەر مىللەت نېفت ئىشچىلىرىغا ئوخشاش كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھېيت-بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئارام ئالماي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شۇنچە جاپالىق ۋە شۇنچە ئالدىراش ئىشلىسىمۇ ھېچكىم بۇنىڭدىن زارلانمايتتى ياكى تەشكىلدىن بىر فۇڭ ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلمايتتى. بولۇپمۇ 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا دۆلىتىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئارقا سەپ ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاقاس چۆللۈككە جايلاشقان قاراماي شەھىرىدىمۇ ئاشلىق ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئىشچىلار

ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ياتاق ئۆيىدىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېتىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، گويا ھېچ ئىش قىلمىغاندەك ئىچكىرىدىكى يۇرتىغا قېچىپ كەتكەن ھەمدە يولغا چىقىش ئالدىدا قولۇم-قوشنىلىرىغا خوتۇن-بالىلىرىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە بارىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىپ، نىشاننى ئۇستىلىق بىلەن بۇرىۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ ۋە ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق ۋاڭ فامىلىلىك قاتىلنى يۇرتىدا بىر ياش چوكان بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ، قانۇن بويىچە قولغا ئالدۇق ۋە كۆپ ئۆتمەي سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، خەلق خاتىرجەم قىلىندى.

ئۇ چاغلاردا قارامايدا جىنايى ئىشلار دېلولىرى يىلىغا تەخمىنەن 100 پارچىدىن 200 پارچىغىچە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، چوڭ، مۇھىم دېلولارنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 100% كە يېتەتتى. باشقا ئادەتتىكى دېلولارنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتىمۇ 80% تىن تۆۋەن بولمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەكسىيەتچىلەر، ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار ۋە يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلار سادىر قىلغان تۈرلۈك سىياسىي دېلولارمۇ پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى دېلودىن بىرسى يۈز بەرسە بىرنى، ئىككىسى يۈز بەرسە ئىككىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ قىلچە ئارقىغا سۈرمەيتتۇق. مەسىلەن، 1961-يىلى بىر ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى نامسىز خەت يېزىش دېلوسى يۈز بەردى. بۇ نامسىز خەتتە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەنگەن بولۇپ، خەت

ئىبىتساق، ئەينى ۋاقىتتا «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» نىڭ ¬پېشقەدەم مۇھەررىرى، شائىر توختى سېلىمنى باشقارمىمىز «تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ ئەكىلىپ قاماپ قويغاندى (كېيىن سىياستى ئەمەلىيلىشىپ، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن گېزىتخانىدا يەنە بىر مەزگىل ئىشلەپ، 80-يىللاردا كېسەللىك سەۋەبىدىن قارامايدا ۋاپات بولدى). بۇنىڭدىن باشقا ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىغا قاراشلىق ھەر قايسى زاۋۇت (باشقارما) لاردا قۇرۇلغان «يىغىپ تەربىيىلەش» ئورۇنلىرىغا ئاتالمىش «مەسىلىسى بار» دەپ يىغىۋېلىنغان ئادەملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يوقىلاڭ گەپ-سۆزلەر بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلىپ، بىھۇدە رىيازەت چەككەن بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ قەشقەر نېفىت ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئېزىز ئەخمەت (ئۇ ئەينى ۋاقىتتا نېفىت ئىدارىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەرجىمانى ئىدى) ۋە قوغداش كادىرى شېرىپ ئوبۇلقاسىم قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلىپ، ئۇۋال قىلىنغان كىشىلەردۇر.

قارامايدا 1958-يىلىدىن كېيىنكى «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى تېخى تولۇق تۈگىمەي تۇرۇپ، 1966-يىلىغا كەلگەندە ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەتۈر قۇيۇنى يېتىپ كېلىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى كېرەك قىلمايدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. نېفىتلىكنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى. ئارقىدىنلا يەنە «سىياسىي

سۆكسۆك ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن تۈرلۈك ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. بەزى ئىرادىسى ئاجىز، تونۇشى تۆۋەن كىشىلەر ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي يۇرتىغا قايتىپ كەتكەندى. ئەمما، بىزنىڭ ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئوزۇقلۇق يېتىشمەي قورۇق قايناقسۇنى كۆپ ئىچىپ پۈتۈن بەدىنى خۇددى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنلەر خېلى كۆپ كۆرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، نېفىتلىكنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلەر كۆرۈلمىگەندى.

ئەمما بىز يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» دېگەنگە ئوخشاش ھەرىكەتلەردە «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» دېگەن سۆزگە ھەددىدىن زىيادە چوقۇنۇپ، دەسلەپتە يۇقىرىدىن ج خ ئورۇنلىرىنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى «تۆت خىل ئۇنسۇرلار» دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنى بەش خىل ئۇنسۇرغا كۆپەيتىپ ئىجرا قىلىپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتۇق، بىز ھېچقانداق خاتالىقى بولمىسىمۇ، بەش خىل ئۇنسۇر كاتوگورىيىسىگە تەۋە ئادەملەرلا بولىدىكەن ئۇلارنى كېچە-كۈندۈز قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدۇق ياكى تۇتۇپ ئەكىلىپ جازالىدۇق. مەسىلەن، پەقەت ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئەھۋاللارنىلا ئېلىپ

يالغان، خاتا ۋە ناھەق دېلولارنى تېزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى. . .

## خاتىمە

مەن 1974-يىلىغا كەلگەندە نېفىت ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىدارە قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن ئەينى ۋاقىتتا كۇچادا تۇرۇشلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلدىم. 1977-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى كۆكيار چارلاش 1-قۇدۇقىدىن زور مىقداردا نېفىت-گاز ئېتىلىپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1979-يىلى) شىركىتىمىز ھازىرقى پوسكام نېفىت بازىسىغا يۆتكىلىپ كەلدى. 1984-يىلى مەن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، شىركەت پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ، 1989-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقتىم. ھازىر تەشكىل ماڭا مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بۇ يەردە بالا-چاقىلىرىم بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

قانۇن ئاپپاراتلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش لازىم» دېگەن بىر بىمەنە سەپسەتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىزمەتلىرىمىزنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي باشقارمىمىزنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرى جائاكتىپلار تەرىپىدىن كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندى ياكى ئايرىپ تەكشۈرۈلۈپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىندى. شۇ قاتاردا مەنمۇ بىر مۇنچە رىيازەت چېكىپ روھى جەھەتتىن كۆپ ئازابلاندىم. بۇ مەزگىلدە باشقارمىمىزنىڭ پېشقەدەم مۇئاۋىن باشلىقى ليۇزىڭچياڭ ئازاب بىلەن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى. قىسقىسى «سول» لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ، جۈملىدىن قوغداش باشقارمىمىزنىڭ خىزمەتلىرىمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن خاتا ۋە ناھەق دېلولار مەيدانغا چىقىپ، پارتىيىنىڭ، خەلق دېموكراتىيە دېكتاتۇرىسىنىڭ نوپۇزى ۋە ئابرويىغا نۇقسان يەتتى. ج خ خىزمىتى يۈكسەلمەي بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ج خ كادىر-ساقچىلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە كەسپىي ساپاسى تۆۋەنلەپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. . . .

ھېلىمۇ ياخشى 1976-يىلى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىپ، پارتىيىمىز تارىخىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ئامانلىق ساقلاش نىزامى قاتارلىق قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، تارىختىن قېپقالغان

تەكشۈرگۈچى: ئابدۇللا ئايسار
مۇئاۋىنى ئىشلىگۈچى: ئاسىمجان شېرىپھاجى

**قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى**

**(13)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاراماي شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن
كۆپەيتىپ بېسىشقا بولمايدۇ، ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ نېفىت شۆبۇەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1999-يىل 7-ئايدا نەشىردىن چىقتى
تىراژى: 1000. بېسىش ھەققى 10.00 يۈەن
بېسىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى [1999] 347-